# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

## 新疆地方志



4

2002

www.uyghurkitap.com


# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
19 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 61 - سان

2002 - يىللىق
4 - سان

مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

ئابدۇرۇپ ئېلى



تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راسىلە، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھابىر، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت



مەسئۇل مۇھەررىر:
ئابلىز ئورخۇن


## مۇندەرىجە

### تارىخ سەھىپىسىدە


شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە مەخپىي ئەزا بولۇشى
1 لى جياگۇ ..............................
جەسەتنى سازايى قىلىش
7 مەمتىمىن قۇربان ......
يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى «ئۇيغۇر ئېكسپېدىتسىيىچىلەر»
9 غالىپ بارات ئەرك ......................
ئوت يۈرەك قۇربانلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. . .
15 تۇرسۇن بارات ................................


### تارىخىي ئەسلىمە


6 - باتالىيوننىڭ كەچۈرمىشلىرى. . . . . . .
21 سوپاخۇن سۇۋۇروف .................................
تۆتگان 36 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى. . .
33 مۇھەممەتئىمىن قۇربانى ..........................
ئاپتوموبىل بىلەن مۇسابىقىلەشكەن ئادەم. . .
36 مامۇت غازى .......................................


### مەشھۇر شەخسلەر


مەشھۇر تۈركولوگ گۇمىلىيېفنىڭ ھايات يولى. . .
40 شاۋدۇن كېبىر ..................................
تونيۇقۇق ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى. . .
50 تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى ........................


### ئىلمىي مۇھاكىمە


تۈرك- رۇنىك يېزىقىنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە
55 ئا. رونا تاس ..........................


مۇقاۋىدا: ئارغۇبۇلاق تېغىدىن بىر كۆرۈنۈش— ئابلىز ئورخۇن فوتوسى

# شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە مەخپىي ئەزا بولۇشى

**لى جياگو**

شېڭ شىسەي 1894 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۈەن ناھىيىسى سەنخېباۋنىڭ شېڭجياتۇن دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ، 1970 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تەيبېي شەھىرىدىكى ھاۋا ئارمىيە باش دوختۇرخانىسىدا ئۆلگەن. شېڭ شىسەي بىر قانچە قېتىم ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇغان. ئۇ 1927 ـ يىلى ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملاپ جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نەنجىڭدىكى باش شتابىدا خىزمەت قىلغان. 1930 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىدە جىن شۇرېننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن. 1933 ـ يىلى شىنجاڭدا «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندا شېڭ شىسەينىڭ قولىدا ھەربىي ھوقۇق بولغاچقا، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە سايلانغان. كېيىن يەنە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. ئۇ بۇ ۋەزىپىدە تاكى 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭدىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ نەنجىڭگە بېرىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى بولغانغا قەدەر ئولتۇرغان بولۇپ، شىنجاڭغا جەمئىي 11يىل بەش ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەيۋەن «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى» نىڭ شاڭجياڭ دەرىجىلىك كېڭەش ئەزاسى، «چوڭ قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇۋېلىشنى پىلانلاش كومىتېتى» نىڭ ئەزاسى بولغان. جياڭ جېيشى، يەن جيافۇلار ئۇنى تەقدىرلىگەن.

قارىماققا شېڭ شىسەينىڭ پۈتكۈل ئۆمرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش بىلەن ئۆتكەندەك تۇيۇلىسىمۇ، لېكىن بۇ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس.

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدە كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرىشنى كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلغان. ئەھۋال مۇرەككەپ بولغاچقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇنى پارتىيىگە قوبۇل قىلمىغان. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇ 1938 ـ يىلى 8ـ، 9 ـ ئايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەخپىي زىيارەت قىلغاندا ستالىنغا بىۋاستە كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن شېڭ شىسەينىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ شۇ قېتىم سوۋېت كوممۇنىستىك



www.uyghurkitap.com

پارتىيىسىگە مەخپىي كىرگەن ھەمدە پارتىيە ئەزاسلىق كىنىشكىسىنى ئالغانىكەن.

بۇ بىر مەزگىللىك تارىخ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولمىغان قاراڭغۇ تارىختۇر.

## سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېڭ شىسەينى قوللىشى

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە جىن شۇرېن ئۇنىڭغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەن. بىراق ئۇ ئەسلى ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ جىن شۇرېننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشۋالغان. 1933 - يىلى شىنجاڭدا «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىش ھارپىسىدا شېڭ شىسەي دۈشمەنگە قارشى ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى مەنسىپىگە ئولتۇرغان بولۇپ، قولىدا نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچى بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەي قىسىملىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر تاغدا تۇرۇۋاتاتتى. «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن شىنجاڭغا كىرگەن شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنى سىياسىي ئۆزگىرىشكە ئاۋاز قوشقانلىقتىن، جىن شۇرېن ئۈرۈمچى شەھرىدە داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، شېڭ شىسەينى قىسىملىرىنى باشلاپ كېلىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان قىسىملارنى يوقىتىشقا بۇيرۇغان. ئەمما بۇ چاغدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان قىسىملارنىڭ رەھبەرلىرى شېڭ شىسەي بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ بولغاچقا، شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلمىغاننىڭ ئۈستىگە جىن شۇرېننىڭ مەھكىمىسىنى توپقا تۇتقان. نەتىجىدە جىن شۇرېن قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ غەربكە قېچىشقا مەجبۇر بولغان. شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشكە ئاۋاز قوشۇشى بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئاچقۇچ ئىدى.

دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە سايلانغان. بىراق نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرىنى ئۇزاققىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىمىگەن. ئەينى چاغدا شىنجاڭدا ئىككى ئاساسلىق ھەربىي كۈچ بار ئىدى، ئۇنىڭ بىرى، مىللىي بۆلگۈنچى ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى، يەنە بىرى، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى جاڭ پېيۇەننىڭ قوشۇنى ئىدى. بۇ ئىككەيلەننىڭ شېڭ شىسەيگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش پىلانى بار بولۇپ، كەلگۈسىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى ئايرىپ ئىدارە قىلىشقا، جاڭ پېيۇەن شىمالىي شىنجاڭنى، ماجۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى باشقۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا شېڭ شىسەيگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي ياردەم سوراشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىغانىدى.

1933 - يىلى 10 - ئايدا شېڭ شىسەي تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېن

دېلىنى موسكۋاغا ھەربىي ياردەم توغرىلىق سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى ھەمدە ئۆزى شۇ يىلى11- ئاينىڭ 2 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلەشتى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئاپرېسوف شېڭ شىسەي بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئوق - دورا ۋە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە قوشۇلدى ھەمدە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. شۇڭا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاسىتە ھەربىي ياردىمى بولمىغان بولسا، شېڭ شىسەينىڭ دۇبەنلىك تەختىدە ئولتۇرۇپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

## شېڭ شىسەي سوۋېتپەرەس، كوممۇنىستپەرەس ئىدى

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېتپەرەس، كوممۇ- نىستپەرەس سىياسەتنى يولغا قويدى. شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچى ۋە تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنى ئەۋەتىپلا قالماي، يەنە 1935 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزالىرىنى شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار يۈ شيۇسۇڭ (يالغان ئىسمى ۋاڭ شۇچېڭ)، جاڭ يىخەن (يالغان ئىسمى ۋەن شيەنتىڭ) قاتارلىق 25 كىشى ئىدى. شېڭ شىسەي بۇ كىشىلەرگە ناھايىتى ئىشىنەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىشىغا، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا، كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلىشىغا يول قويۇلمىغان (بۇ قىسقارتىلىپ «ئۈچنى قىلماسلىق» دېيىلىدۇ)، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. بىراق شېڭ شىسەي ئۇلارغا ھېچقانداق چەكلىمە قويمىغاچقا، بۇ كىشىلەر شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوچۇق - ئاشكارا ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىدىن دەرس ئۆتكەن. شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتپەرەس، كوممۇنىستپەرەس بولۇپ قېلىشىنىڭ مەلۇم ئىدىيىۋى ئاساسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى شاڭخەي ۋۇسۇڭ جۇڭگو مەكتىپىگە ئوقۇشقا كېتىۋېتىپ پاراخوتتا بۇخارىن باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان «كوممۇنىزم ABC» دېگەن كىتابنى سېتىۋېلىپ ئوقۇغىنىدا كىتابتىكى مەزمۇنلار ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئىكەن. ياپونىيىگە بارغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە ئاكتىپ

قاتناشقانلىقتىن، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان لياۋنىڭلىق ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان، شاڭخەيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەملىكەتلىك باش ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قوزغىغان دۆلەت زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. شىڭ شىسەي يەنە گوسۇڭلىك جاڭ زولىننىڭ ياپونىيىگە تەسلىم بولغانلىقىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن قوزغىغان لۇەنجۇ ھەربىي ئۆزگىرىشىگە قاتناشقان. ئۇ ياپونىيە قورۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئىنقىلابىي ئارمىيىسى باش شتابىدا شاڭشىياۋ دەرىجىلىك شتاب ئوفىتسېرى بولغان. بىراق گومىنداڭ پارتىيىسىگە كىرمىگەن. ئۇ شەرقىي شىماللىق بولغاچقا، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا قارىتا بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە بولۇشى تەبىئىي ئىدى. شۇڭا ئۇ ماقالە يېزىپ جياڭ جيېشىنىڭ قارشى تۇرماسلىق سىياسىتى ۋە چەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىچكى قىسمىنى جىمىقتۇرۇش كېرەك دېگەن سەپسەتىسىگە رەددىيە بەرگەن. ئۇ ئەمەلىيەتتە جاڭ شۆلياڭ جياڭ جيېشىنى نەزەربەنت قىلغان «شىئەن ۋەقەسى»نى قوللىغان بولسىمۇ، كېيىن سوۋېت تەرەپنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان.

## شىڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلىشى

1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سوۋېت تەرەپنىڭ ئالاقىلىشىشى ئارقىلىق ئۇچۇشلۇق ھالدا جۇڭگوغا كىرگەن جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى سول تارماق ئەترىتىنىڭ 400 نەچچە قالدۇق ئەسكىرى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىنغان.

شىڭ شىسەي 1936 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ۋاڭ مىڭغا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا بېرىشتىن، شىنجاڭنىڭ دۇبەنى بولۇشتىن ئىلگىرىلا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرىشنى ئويلىغانلىقى، ھازىر بۇ ئويىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكى، ئۆزىنىڭ كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كومپارتىيىسى ياپونغا قارشى بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى بويىچە كۈرەش قىلىشنى خالايدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ مەيلى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پارتىيىگە قوبۇل قىلىش، بەزىبىر پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىدىن قورقماسلىق توغرىسىدا قارار چىقارغانىدى. مۇشۇ روھ بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جاڭ شۆلياڭنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، كومىنتېرن (3 ـ ئىنتېرناتسيونال) نىڭ باشقىچە پىكىردە بولۇشى بىلەن ئىشقا ئاشمىغان. شۇنداقلا يەنە

شىڭ شىسەينى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئىشىمۇ كومىنتېرىننىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىغان. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئامالسىز رېن بىشىنى ئەۋەتىپ، شىڭ شىسەينىڭ پارتىيىگە كىرىش تەلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلغان.

## شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) گە مەخپىي ئەزا بولۇشى

50 - يىللاردا شىڭ شىسەي ئۆز ئەسلىمىسىدە« جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مېنى پارتىيىگە قوبۇل قىلماسلىقى مېنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشتىكى ئىرادەمدىن گۇمانلانغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى پەقەت بىرلا، يەنى ئۆزەم موسكۋاغا بېرىپ ستالىن بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىبارەت ئىدى»، «1938 - يىلى 8 - ئايدا ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بىللە مۇھىم بىر ۋەزىپىنى زىممەمگە ئېلىپ، موسكۋاغا قاراپ يولغا چىقتىم...»

«موسكۋاغا يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى 24 سائەت ئىچىدە مەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئاڭلىشىمچە مولوتوف بىلەن ۋوروشىلوف مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ستالىنمۇ شۇ يەردە ئىكەن...» دەپ يازغان.

شىڭ شىسەي يەنە «ستالىننىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشىدەك كۆرۈنەتتى، شۇڭا مەن بۇندىن كېيىن يەنئەن بىلەن بولغان نازۇك مۇناسىۋىتىمگە دائىر شەخسىي مەسىلەمنى دەپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. مەن ستالىنغا ‹مەن ماركسىزم - لېنىنىزم ئىشلىرىنىڭ سادىق مۇرىتى. 1937 - يىلى مەن چېن شياۋيۇ، كاڭ شېڭ ۋە دېڭ فالار ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇش ئىلتىماسىمنى سۇنغانىدىم. ج ك پ سىياسىي بيۇروسىدىكى ماۋزېدۇڭ، جۇدې، جۇئېنلەي، چېن شيايۇ، كاڭ شېڭ، دېڭ فا، چېن يۈن ۋە رېن بىشى قاتارلىق كىشىلەر بۇنىڭغا بىردەك قوشۇلغان، بىراق كومىنتېرىن بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئاخىرقى قارارنى چىقىرىمىز دېگەنىدى › دېدىم ۋە يەنە ‹مەن ئەڭ تېز سۈرئەتتە پارتىيىنىڭ سىنىقى ۋە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشنى خالايمەن ۋە ئۈمىد قىلىمەن. شۇڭا مەن سىلەرنىڭ مېنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىم ھەققىدىكى قارارىڭلارنى بىلىپ بېقىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن› دېدىم. ستالىن ‹سىز ھازىرلا پارتىيىگە كىرەلەيسىز، سىز شىنجاڭغا قايتىشتىن ئىلگىرى مەن يەنە بىر قېتىم مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە سىز بىلەن سۆزلىشىمەن› دەپ ئېنىق جاۋاب بەردى. بىز شىنجاڭغا قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقىنىمىزدا سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى ستالىننىڭ

يولىيورۇقنى ئېلىپ مېھمانخانىغا مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. بۇ يولىيورۇققا ئاساسەن مەن دەرھال سوۋېت كومپارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندىم. بۇ پەۋقۇلئاددە ئەلچى يەنە مېنى موسكۋادىكى سىياسىي بيۇروغا بويسۇنۇش توغرىسىدىكى قەسەمنامىگە قول قويغۇزدى ھەمدە ئۆزۈنغا قالماي جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرىش ئىشىمنىڭ تەستىقلىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە بىر ئەمەلدار ماڭا 1859118 نومۇرلۇق پارتىيە كىنىشكىسى ۋە بىر نۇسخا پارتىيە نىزامنامىسىنى ئەكىلىپ بەردى» دېگەن.

شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە مەخپىي ئەزا بولغانلىقىغا دائىر پاكىتلارنى ئۇنىڭ باشقىلارغا يازغان خەت ـ چەكلىرى، ئەسلىمىسىدىن باشقا روسىيىنىڭ ئارخىپلىرى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان شېڭ شىسەينىڭ ستالىن، مولوتوف، ۋوروشىلوفلار بىلەن 1938 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كۆرۈشكەن چاغدىكى سۆھبەت خاتىرىسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. سۆھبەت خاتىرىسىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: « يولداش مولوتوف ‹ دۇبەننىڭ يەنە قانداق ئىشلىرى باركىن› دەپ سورىۋىدى، دۇبەن ‹ ھەرقايسىلىرىنىڭ ۋاقىتلىرى بولسا مېنىڭ يولداش ستالىنغا دەيدىغان شەخسىي ئىشىم بار ئىدى › دېۋىدى، مولوتوف دەرھاللا ئىنقىلابىي ئىشلار ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا دۇبەن ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. . . »

« يولداش ستالىن ئەگەر دۇبەن چىڭ تۇرۇۋالسا ئۆزىنىڭ قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق ۋوروشىلوف قارشى چىقىپ بۇ ئىشنىڭ دۇبەننىڭ خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى، چۈنكى جياڭ جيېشى ياكى ياڭ جيې (جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى) بىلىپ قالسا ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۇبەن مەخپىيەتلىكنى ساقلايدىغانلىقى، مەيلى جياڭ جيېشى ياكى ياڭ جيې بولسۇن ھېچقايسىسىغا تۇيدۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا ستالىن يولداش مولوتوف ۋە يولداش ۋوروشىلوف بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ پرىنسىپ جەھەتتىن قارشى تۇرمايدىغانلىقى، ئەگەر دۇبەن چىڭ تۇرۇۋالسا ئۆزلىرىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. . . » .

يۇقىرىقى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، شېڭ شىسەينىڭ بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە مەخپىي ئەزا بولغانلىقىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كېيىن گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ ھەدەپ ئۆزىگە تارتىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەن.

خەنزۇچە «يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدىن تەرمىلەر» دىن تەرجىمە قىلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# جەسەتنى سازايى قىلىش

1968 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تازا ئەۋجىگە چىقىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭغا، كومپارتىيىگە ساداقەت بىلدۈرۈش دولقۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئەتتىگەندە ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتى ئالدىدا ساداقەت ئۇسسۇلى ئويناش، ، ساداقەت ناخشىسى ئېيتىش، كەچتە بىر كۈنلۈك ئىشتىن دوكلات بېرىش ساداقەتنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئىدى. ساداقەت بىلدۈرۈشكە ھەربىي قىسىمدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر، كان، زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلار، يېزىلاردىكى دېھقانلار ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار تولۇق قاتنىششى كېرەك ئىدى. «ساداقەت ناخشىسى» دا:

قەدىردان ماۋجۇشى قەلبىمىزدىكى قىزىل قۇياش،

سىزگە ئېيتار سۆزىمىز شۇنچە كۆپ بىزنىڭ.

كۇيلەپ سىزنى تۈگىمەس ناخشىمىز بىزنىڭ،

كۇيلەپ سىزنى زور ھاياجاندا.

باقار ئىللىق چىرايلار قىزىل قۇياشقا،

بىز سىز ئاتىمىزغا چەكسىز ئۇزۇن ـ

چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز.

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالار بار ئىدى.

قاراقاش ناھىيىسىدە 1968 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەتتىگەندە يېڭىشەھەر كەنتىنىڭ 1 ـ مەھەللىسىدىكى دېھقانلار «ساداقەت ئۇسسۇلى» ئويناش ئالدىدا ئەترەت باشلىقى توختاخۇن يوقلىما قىلىپ، مەتىمىننىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلدى. ھاشىخان دېگەن ئايال توختاخۇننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن مەتىمىننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنى ئويغاتتى. مەتىمىن دادىسى كېسەلدە، ئىنىسى ئەلەم كۈرىشىدە ئۆلۈپ كەتكەن تىكەندەك يالغۇز ئوغۇل ئىدى. مەتىمىن ھازىرلا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. توختاخۇن ھاشىخاننىڭ يالغۇز كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— مەتىمىننى نېمىشقا بىللە ئېلىپ كەلمىدىڭىز؟ كەينىڭىزگە قايتىپ، دەرھال ئۇنى بىللە ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى. ھاشىخان كەينىگە يېنىپ مەتىمىننىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— تېز بولۇڭ، شياۋدۈيجاڭ ئاچچىقلاپ قالدى — دېدى. مەتىمىن:

— كىيىمىمنى كىيىۋاتىمەن، ھازىرلا باراي، توختاخۇن مەن بىلەنلا قاپتىغۇ؟ — دېدى. ھاشىخان توختاخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ، گەپتىن گەپ تۇغدۇرۇپ:

— مەن توختاخۇننىڭ X نى بىر نېمە قىلمىدىم. مەن بارمىسامۇ ناخشىسىنى ئوقۇۋەرسۇن، دېدى — دەپ تۇرۇشىغا مەتىمىن كېلىپ قالدى. توختاخۇن مەتىمىنگە:

— نېمىشقا شۇنداق دەيسەن ـ دەپ ھۆكىرەپ دېۋەيلەپ كەلدى. مەتىمىن ئۇنداق دېمىگەنلىكىنى دەپ تۇرسىمۇ، توختاخۇن ئۇنىڭ ياقىسىنى بوغۇپ:

— ئاشۇ گېپىڭنى مېنىڭ ئالدىمدا يەنە بىر دېگىنە — دەپ ۋاقىراپ، 18 ياشلىق مەتىمىننى ئاستىغا بېسىۋېلىپ ئۇرۇشقا

باشلىدى. مەمتىمىن مۇشتقا چىدىيالماي «توۋا قىلدىم» دېگەن مەنىدە «ماۋجۇشى ياشىسۇن!» دەپ توۋلىدى. لېكىن توختاخۇن ئۇنى ئۇرۇۋەردى. مەمتىمىن جان ئاچچىقىدا يانچۇقىدىكى پىچىقىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزىنى بېسىپ تۇرغان توختاخۇننىڭ بوينىغا تىقتى. پىچاق ئىتتىك بولغاچقا، توختاخۇننىڭ بويۇن تومۇرىدىن ئوقتەك قان ئېتىلىپ چىقىپ شۇ يەردىلا جان بەردى.

«سادىق بولۇشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن قاتىل، نەق ئەكسىل ئىنقىلابچى» مەمتىمىن دەرھال تۈرمىگە قامالدى. ئىنقىلابىي ئاممىغا (ئاساسلىقى توختاخۇننىڭ تۇغقانلىرى) ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئالدىغا كېلىپ، مەمتىمىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايەن قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئايرىم كامىرغا سولاپ قويۇلغان مەمتىمىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى. چاپىنىنى يىرتىپ يىپ ئېشىپ، كامىرنىڭ ئىچىدە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى.

ھازىرقى ناھىيىلىك تۆرلۈك مالىلار شىركىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ماگىزىنىنىڭ ئورنى ئەسلىدە ئېگىز مازارلىق ئىدى. 1966 - يىلى يازدا لاي ئېقىتىپ تۈزلەندى. 1967 - يىلدىن باشلاپ بۇ يەر ناھىيە بويىچە چوڭ يىغىن مەيدانى بولدى. يىغىن سەھنىسىنىڭ ئالدىدىكى لوزۇنكا، پلاكات ئېسىلىدىغان دار شەكىللىك ياغاچ قۇرۇلما ئاشۇ كۈنى بەئەينى دارنىڭ ئۆزىلا بولغانىدى.

ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سەھنىدە مەمتىمىننىڭ جىنايىتىنى ئوقۇدى ۋە «جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆلۈۋالغان نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دارغا ئېسىلسۇن» دەپ ھۆكۈم ئېلان قىلدى. مەمتىمىننىڭ بوينىغا سېلىنغان سىرتماق تارتىلىپ، جەسەت تۆت مېتىر كۆتىرىلگەندە ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، جەسەت يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەيدانغا يىغىلغانلار 2000دىن ئارتۇق كىشى بولۇپ، ھېچكىمنىڭ يىغلىشى ۋە كۈلۈشىگە رۇخسەت يوق ئىدى.

ھېيىت قاسىم، باۋۇدۇن، ئەمەتجان، تۇرسۇننىياز دودەن قاتارلىق يەتتە «ئۇنسۇر» بۇيرۇققا بىنائەن جەسەتنى شەھەر رەستىلىرىدە سۆرەپ سازايى قىلدى. جەسەت تاشتىن - تاشقا سوقۇلۇپ، كىيىملىرى جۇل-جۇل بولۇپ كەتتى. «ئىنقىلابىي ئامما» ۋەكىللىرى «ئۇنسۇر» لارغا:

— تېز يۈگۈرۈپ سۆرىگىن — دەپ ھەيۋە قىلاتتى. ئۇلاردىن بىرسى تېز ماڭمىدى دەپ ھېيىت قاسىمنىڭ پۇتىغا نەيزە سانچىدى. يەنە بىر «ئۇنسۇر» يولبويى جەسەتنى يوغان تاياق بىلەن ئۇرۇپ «ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ غەزەپ - نەپرىتى» نى نامايان قىلىپ ماڭدى.

«ئۇنسۇر» لار جەسەتنى سۆرەپ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، دەريا بويىغا سۆرەپ چىقتى. «ئىنقىلابىي ئاممىا» ۋەكىللىرى جەسەتنىڭ بويىنىنى سۆگەتنىڭ ئاچىسىغا ئېسىپ، ئاستىغا پاخال دۆۋىلەپ، بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋەتتى. جەسەتنىڭ پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالدى. كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن جەسەتنى دەريا بويىغا كۆمۈپ قويۇشتى.

بۇ ئىش بۇ مۇدھىش ۋەقەگە شاھىت بولغان كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق.

تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان

# يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى «ئۇيغۇر ئېكسپېدىتسىيىچىلەر»

غالىپ بارات ئەرك

(چاقىلىق ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسىدىن)

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ «سىرلىق ماكان» دەپ ئاتالغان شىنجاڭ چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى قىزىقىدىغان، ئىنتىلىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دۇنياغا جاكارلىغان چاغدا، ئۇلارنى ئاشۇ شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرگەن ئۇيغۇر يول باشلىغۇچىلارنى غىل - پاللا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ تۆھپىسىگە يېتەرلىك باھا بېرىلمىگەن.

ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، يول باشلىغۇچى ئۇيغۇرلار پەقەتلا قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى ۋە يۇرتلار ئارىسىدىكى ئۆتەڭ - يوللارنى پىششىق بىلىدىغان ئادەتتىكى كىشىلەرلا ئەمەس، بەلكى يەنە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ تىلىدىن سىرت يەنە ئۆز ئانا تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكتلىرىنى پۇختا بىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم. روسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى پىرژېۋالىسكى (1839 - 1888) ۋە فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى گابرىيل بونۋالوت (1853 - 1933) لارغا يول باشلىغۇچى ھەمدە تەرجىمان بولغان ئابدۇللا يۇسۇپ ئەپەندىنى شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ئابدۇللا يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ ئازغىنە مەلۇماتلاردىن بىز ئۇ كىشىنىڭ رۇس، خەنزۇ، موڭغۇل تىللىرىنى بىلىشتىن سىرت، ئۇزاق تارىختىن بېرى ئومۇمىي ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىئالېكتىدىنمۇ تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. مەلۇمكى، چاقىلىق، لوپنۇر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار تارىم، كۆنچى، چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەنكى ئېقىنلىرىدا بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، قۇشچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن خەلق بولۇپ، تەكلىماكان چۆللۈكى ئۇلارنى تىل ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ئومۇمىي ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن ئايرىپ تۇراتتى. شۇڭا لوپنۇرلۇقلارنىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر دىئالېكتى بولۇپ ئايرىلىپ

www.uyghurkitap.com

چىققان. قاتناش ۋە ئالاقە ئىشلىرى ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرۇۋاتقان 19 - ئەسىردە بۇ پەرقنىڭ ئېخىمۇ چوڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. شۇنداقتىمۇ شىمالىي شىنجاڭدا ياشىغان بىر ئادەمنىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتلەق ئىجتىمائىي ئالاقىدە بولۇپ باقمىغان ئىككى جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىمالال ئالاقىدە بولالىشىدىكى سەۋەبنى ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ مول تىل بىلىمىدىن كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە پىرژىۋالىسكىمۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز پەقەت بەزى ھادىسىلەرنى كۆزىتىش ئارقىلىقلا ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايمىز. بىزنىڭ تەرجىمانىمىز غۇلجىدا تۇغۇلغان تارانچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەيلى تارىم دەريا بويلىرى ياكى لوپنۇر كۆلى بويلىرىدا بولسۇن ناھايىتى بىمالال ئالاقە قىلالايتتى. مانا مۇشۇنىڭغا قارىغاندا تارانچى تىلى بىلەن سارتلارنىڭ تىلىنىڭ بۇ يەرنىڭ دىئالېكتى بىلەن چوڭ پەرقى يوقلۇقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ».

ئەمەلىيەتتە ئىككى ئوتتۇرىدىكى پەرقنىڭ ئابدۇللا يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ مول تىل بىلىمى ئارقىلىق كىچىكلەپ كېتىپ بارغانلىقىدا شەك يوق. ئابدۇللا يۇسۇپ ئەپەندى پىرژىۋالىسكىنىڭ 1876 - ۋە 1885 - يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىدە يول باشلىغۇچى ھەم تەرجىمان بولۇپ، رۇس، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنى ئۆزئارا تەرجىمە قىلغان. ئابدۇللا يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ خەنزۇ ۋە موڭغۇل تىللىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى ھەققىدە گابرىل بونۋالوت مۇنداق دەيدۇ: «ئارىمىزدا يەنە خەنزۇ ۋە موڭغۇل تىللىرىنى بىلىدىغان ئابدۇللا بار، ئۇ ئىلگىرى روسىيىلىك پىرژىۋالىسكىي بىلەن بىللە جۇڭگودا ئېكسپېدىتسىيىدە بولغان».

ئەينى زاماندا ئۈچ - تۆت خىل تىلنى پۇختا بىلگەن، نۇرغۇن يۇرتلارنى ئارىلاپ، نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئابدۇللا ئەپەندىدىن بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىزگە ھېچنەرسە قالمىغان بولسىمۇ لېكىن، بىز ئۇنى شۇ دەۋرنىڭ تىل بىلىمدانى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق ئاتراپلىرىدا قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىدە ئابدۇرېھىم، ئۆردەك ۋە كۈنچىققانبەگنىڭ ئوغلى توختاخۇنلارنىڭ تارىخ ئۇنتۇپ بولمايدىغان تۆھپىلىرى بار. شۇ قاتاردا ئۆردەك كروران قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۆردەك قەبرىستانلىقىنىڭ بايقىلىشىدا ئوينىغان رولى بىلەن تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان.

چارروسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەردىن پىرژىۋالىسكى ۋە شاگىرتى كوزلوف بىلەن گېرمانىيىلىك رىچخوفېن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىلىم جېڭى سەۋەبىدىن سۋېن ھېدىن تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى ۋە لوپ قۇملۇقلىرىدا كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇيغۇر يىگىتى ئۆردەك 1899 - يىلىدىن باشلاپ سۋېن ھېدىنغا يول باشلىغۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1900 - يىلى تۆزىسىز كۆل — قارا قوشۇن

كۆلىنىڭ تارىختىكى لوپنۇر كۆلى ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاتمىش بۇلاقتىن جەنۇبقا يەنى پىرژېۋالىسكى لوپنۇر كۆلى دەپ ئاتىغان قاراقوشۇن كۆلىگە قاراپ ئاتلىنىدۇ. قارا قوشۇن كۆلىگە تۆت - بەش كۈنلۈك يول قالغاندا توختاپ قۇدۇق كولاپ سۇ ئالماقچى بولىدۇ، شۇندىلا ئۇلارنىڭ ئېسىگە ئۆزلىرىدىكى بىردىنبىر گۈرجەكنىڭ يولدا ئۇچراتقان خارابىدە ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ چاغدا «قۇملۇقتا تەرەپلەرنى خۇددى كومپاستەك پەرق ئېتەلەيدىغان» ئۆردەك گۈرجەكنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن هارغىن بىر ئاتقا مىنىپ يولغا چىقىدۇ. ئىككى سائەتتىن كېيىن تۇيۇقسىز قارا بوران چىقىپ توپتوغرا بىر كۈن داۋاملىشىدۇ. شۇ بوراندا ئۆردەك بىر قەدىمي شەھەر خارابىسىغا بېرىپ قالىدۇ ھەمدە ئۇ يەردىن ناھايىتى نەپىس ياسالغان ئىككى ياغاچ بۇيۇم ۋە گۈرجەكنى تېپىپ، ئەتىسى سۋېن ھېدىنلارغا يېتىشىۋالىدۇ. ئۆردەك يولدا كۆرگەنلىرىنى سۋېن ھېدىنغا دوكلات قىلىدۇ. بۇ 1900 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى ئىش ئىدى، سۋېن ھېدىن سۇ، ئوزۇقلۇق قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ شەھەر خارابىسىغا قايتا بېرىشنى پىلانلاپ يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كېيىنكى يىلى بۇ خارابە قايتا تېپىلىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن بۇ ۋەيران بولغىنىغا مىڭ نەچچە يۈز يىل بولغان، تارىخي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنىدىغان كروران شەھىرىنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ خەۋەر سۋېن ھېدىنىڭ «مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم» ناملىق كىتابى ئارقىلىق دۇنياغا جاكارلىنىدۇ. بۇ خەۋەر ئىلىم ساھەسىنى قاتتىق لەرزىگە كەلتۈرىدۇ.



ئۆردەك 1901 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەردە سۋېن ھېدىندىن ئايرىلىدۇ. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزى يالغۇز بىر قانچە قېتىم قۇملۇققا كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. 1910 - يىللىرى ئەتراپىدا ئۇ بىر قۇم دۆۋىسىگە جايلاشقان قەبرىستانلىقنى بايقايدۇ. بۇ كېيىنكى كۈنلۈكتە «ئۆردەك قەبرىستانلىقى»، «5 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق»، «كىچىك دەريا قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتالغان قەبرىستانلىق ئىدى.

1927 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو - شىۋېتسىيە بىرلەشمە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تۇرپان ۋە تەكلىماكان ئەتراپىدىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتى داۋاملىشىدۇ. 1934 - يىلى 4 - ئايدا لوپنۇرنىڭ چارادا تۇرۇۋاتقان ئۆردەك سۋېن

ھېدىننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئوغلى بىلەن ئاتلىق دەريا بويىغا بېرىپ، كېمە بىلەن كېلىۋاتقان سۋېن ھېدىننىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشقان. ئۆردەك ئۆزىنىڭ سۋېن ھېدىندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى 30 نەچچە يىللىق ھاياتى ۋە قەبرىستانلىقتا كۆرگەنلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۋېن ھېدىن شۋېتسىيىلىك فورگ بېرگمان باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۆردەكنىڭ يول باشلىشى بىلەن ھېلىقى قەبرىستانلىقنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. ئون نەچچە كۈنلۈك جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇ قەبرىستانلىق قايتا تېپىلىدۇ. قەبرىستانلىقنى ئىزدەپ تېپىش جەريانى ۋە بۇ جەرياندىكى كەچۈرمىشلەر، قەبرىستانلىقتىن قېزىلغان بۇيۇملار ھەققىدىكى مەلۇماتلار سۋېن ھېدىننىڭ «ئاسىيا كىندىكىدىكى سەككىز يىللىق تەكشۈرۈش (1927 ـ 1935)» ناملىق كىتابى ۋە فورگ بېرگماننىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى» دېگەن كىتابىدا تەپسىلىي بېرىلگەن. بولۇپمۇ بېرگمان بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش ھەققىدە ناھايىتى تەپسىلىي مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. بۇ قەبرىستانلىق كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قۇم كۆل ۋە ياقىنلىق كۆل ئەتراپىدىن جەنۇبقا ئاققان ئارغان دېگەن ئېقىننىڭ تۇت كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى بىر قۇم دۆڭدە بولۇپ، قەبرىستانلىقتا 100 نەچچە تال بېزەلگەن ۋە سىرلانغان ياغاچ تىكلەنگەن. بۇ قەبرىستانلىق شۇ قېتىم تېپىلغاندىن كېيىن، يەنە قۇم ئاستىدا قېلىپ، 2001ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن قايتا تېپىلدى.

بېرگماننىڭ يۇقىرىقى كىتابىدا ئۆردەكنىڭ 1934 ـ يىلى 72 ياشتا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ 1862 ـ يىلى ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولسا كېرەك. سۋېن ھېدىن يەنە ئۆردەكنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، ئۆزىنىڭ «كۆچمە كۆل» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە تەتقىقاتچىلار ئۆردەكنىڭ ئەسلى چارالىق بولۇپ، 1944 ـ يىلى 82 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى، ئۇنىڭدىن بىر قىز، بىر ئوغۇل قالغانلىقى، قىزىنىڭ بالدۇر ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى، ئوغلى مۇسانىڭ 1964 ـ يىلى 68 يېشىدا لوپنۇرنىڭ تارىم يېزىسىدا ۋاپات بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

تەتقىقاتچى ياڭ لىيەن ئەپەندىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى لوپنۇرلۇق» دېگەن كىتابىدا ئۆردەكنىڭ ئەسلى كونا ئابدال (قۇمچاپقان، 1898 ـ يىلى ۋەيران بولغان) لىق بولۇپ، بۇ يەر ۋەيران بولغاندا يېڭى ئابدال (شىرگە چاپقان) غا كۆچمەي ئارغان تەرەپكە كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ سادىق ئىسىملىك بىرلا ئوغلىنىڭ بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ياڭ لىيەن ئەپەندىگە بۇ مەلۇماتلارنى ئۆردەكنىڭ قەدىناس دوستى نىيازنىڭ يۈز نەچچە ياشلىق ئوغۇللىرى ئوسمان ۋە ياسىنلار دەپ بەرگەن ئىكەن.

سۋېن ھېدىن «كۆچمە كۆل» ناملىق كىتابىدا ئۆردەكنىڭ 1899 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى،

ئۇنىڭ بىلەن چاراغا يېقىن يېڭى كۆل ئەتراپىدا ئۇچراشقانلىقىنى يازغان. بۇ كىتابتا يەنە ئۆردەكنىڭ 1901 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەردە سۋېن ھېدىندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغانلىقى، 1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدا 2 ـ قېتىم ئۇچراشقاندا سادىق دېگەن ئوغلىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەنلىكى يېزىلغان. سۋېن ھېدىن ئۆردەك بىلەن 2 ـ قېتىم ئۇچراشقاندا ئۇنىڭ ئايالى، كېلىنى ۋە قىزلىرىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن قانچە قىزىنىڭ بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ئۆردەك خۇددى بىرگمان تەرىپلىگەندەك «قۇملۇقتىكى يوللارنى بەش قولدەك بىلىدىغان» تۆھپىكار تارىخىي شەخس. چۈنكى سۋېن ھېدىن قاتارلىق مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك زور بايقاشلىرى ئەنە شۇ ئۆردەكنىڭ نامى بىلەن زىچ باغلانغان.

يۇقىرىقى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر قاتارىدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ يۇرت ئاتىسى كۈنچىققانبەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى توختاخۇننىڭ نامىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. كۈنچىققانبەگ لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېگى بولۇپ، ئۆزىنىڭ خەلقچىللىقى، ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەنلا مەشھۇر بولۇپ قالماي، يەنە پىرژېۋالىسكى، سۋېن ھېدىنلارنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىگە ئەمەلىي ياردەم كۆرسەتكەنلىكى بىلەنمۇ تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كۈنچىققانبەگنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى كروران ۋەيران بولغاندىن كېيىن، دەريا ۋە كۆل بويلىرىدا كۆچۈپ يۈرۈپ، بېلىقچىلىق، قۇشچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرگەن. كۈنچىققانبەگنىڭ سۋېن ھېدىنغا ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىقۇللۇ ۋە ماتتىئاس قاتارلىق ئەجداتلىرى قارا قوشۇن كۆلىنىڭ شىمالىدىكى بىر كۆل بويىدا يەنى ئابدالدا ياشىغانىكەن. ماتتىئاسىنىڭ ئوغلى نۇرمەتبەگ ئابدالدا ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىغاندا قارا قوشۇن كۆلى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ يۇرت بەرپا قىلغان ۋە بۇ يۇرتنى كونا ئابدال دەپ ئاتىغان. نۇرمەتبەگ 95 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئۇنىڭدىن جاھانبەگ دېگەن بىر ئوغۇل قالغان. كۈنچىققانبەگ 1812 ـ يىلى ئەنە شۇ جاھانبەگنىڭ ئائىلىسىدە كۈن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن بىر پەيتتە جاھانساي دەرياسى بويىدا تۇغۇلغان. كۈنچىققانبەگدىن نىياز، ئابدۇراخمان، توختاخۇن ۋە جان ئىسىملىك تۆت ئوغۇل قالغان. ئالدىنقى ئىككى ئوغۇل 1886 ـ يىلدىن ئىلگىرى ۋاپات بولغان. توختاخۇن قارا قوشۇن كۆلى ئەتراپىدىكى ئاھالىنىڭ ئاخۇنى بولۇپ دىنىي خىزمەت قىلغان. سۋېن ھېدىنلار كەلگەندە ئۇلارغا يول باشلىغۇچى بولۇپ، نۇرغۇن ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا سەۋەبچى ۋە شاھىت بولغان. كېيىنكى ئۆمرىنى مازارلاردا سوپىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. كۈنچىققانبەگنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى ياتاق، تاماق، ۋە باشقا قولايلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلەپ ئۇلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىگە ھەمدەمدە بولغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ئۇزۇك،

www.uyghurkitap.com

پارچە -پۇرات مەلۇماتلار بار. خەلقى ۋە يۇرتى ئۇچۇن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ «يۇرت ئاتىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىش جەريانىدىكى ئاجايىپ مىساللارمۇ ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئورۇن ئالغان.



چەتئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ

لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق ئەتراپلىرىدىكى ئالەمشۇمۇل ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلىرىنى ئابدۇللا يۇسۇپ ئەپەندى، ئۆردەك، كۇنچىققان. بەگ ۋە توختاخۇنلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

شۇڭا بىز بۇ تەرجىمان ۋە يول باشلىغۇچىلارنىڭ تەرجىمىھالىنى قايتا تۇرغۇزۇپ، تارىخ سەھىپىسىدىن مۇۋاپىق ئورۇن بېرىشىمىز كېرەك.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

پېرژېۋالىسكى: «لوپ كۆلىگە سەپەر»

گابرىيل بونۋالوت: «ئادەمزاتسىز چۆلنى جەسۇرانە كېزىش»

سۋېن ھېدىن: «مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم»، «كۆچمە كۆل»، «لوپنۇر كۆلىنىڭ سىرىنى ئىزلەپ»

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# ئوت يۈرەك قۇربانلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ

**تۇرسۇن بارات**

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

مەن بۇ ماقالەم ئارقىلىق بۇنىڭدىن 57 يىل بۇرۇن يەنى 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يۈز بەرگەن «19 ـ سېنتەبىر قانلىق پاجىئەسى» دە قەتلى قىلىنغان، خەلقنىڭ ئازادلىقى يولىدا قۇربان بولغان ئارتۇق ئاباس، سېيىت ئاباس، ئىبراھىم مۆمىن، ئۆمەر قاسىم، ئابلا ياقۇپ (نىلقىلىق)، تۇراپ قارى (ئاتۇش ئوڭئېرىقتىن) قاتارلىق 18 نەپەر ئوت يۈرەك ئوغلاننى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىمەن.

1944 ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەشۋىقاتلىرى ئۈچتۇرپانغا كېلىشكە باشلىدى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن ئۈچتۇرپانلىق ئوسمان مۇھەممىدى ئۈچتۇرپانغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى چاغلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كېلىپ، ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە تەربىيىسىنى خېلى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان ۋەتەن سۆيەر زىيالىي ئىدى.

ئوسمان مۇھەممىدى ئۈچتۇرپانغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەن بىرىنچى يىلى ئىنقىلابنى بىر قەدەر ئاڭلىق، ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش، تەشكىللەشتىن باشلىدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى سانايى نەفىسە سوۋېت خەلقىنىڭ فاشىزىمغا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرىشىنى تەشۋىق قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناپ خەلقنى ئويغىتىش جەھەتتە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئوسمان مۇھەممىدى ۋەتەنپەرۋەر- لىك ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ ئۇلارغا ئىلىدا بولۇۋاتقان ئىنقىلاب ۋە ئىنقىلابنىڭ مەقسىدى توغرىسىدا تەشۋىقات ـ تەربىيە ئېلىپ باردى. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ، خەلقنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى، ئىچكى ئۆلكىلەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە،

www.uyghurkitap.com

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئۇ بىر قېتىم ئۈچتۇرپاندىكى ئىنقىلابىي زىيالىيلاردىن سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئۆمەر قاسىم، ئىبراھىم مۆمىن، ئابلا ياقۇپ، تۇراپ قارى قاتارلىقلار قاتناشقان سۆھبەت يىغىنىدا ئىنقىلاب داۋلىلىرىنى سۆزلەپ:

«ئەكسىيەتچىلەر خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا قانچە ۋەھشىيلەشسە، خەلقنىڭ ئەزگۈچى زالىملارغا بولغان قارشىلىقىمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئۆمرىمۇ شۇنچە قىسقىراپ بارىدۇ» دېگەنىدى. ئوسمان مۇھەممىدى ئۈچتۇرپاندىكى بىر قىسىم ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئىنقىلابنى ئالدى بىلەن مۇئاش ئۆستۈرۈش توغرىسىدا تەلەپ قويۇپ نامايىش قىلىشتىن باشلىدى. 1944 - يىلى 6 - ئايدا ئۈچتۇرپاندىكى زور بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچى ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ بېرىش توغرىسىدا نامايىش قىلىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە باردى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ پائالىيىتىدىن خەۋەر تاپقان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ناھايىتى قاتتىق ئالاقزادە بولۇشۇپ، يالغان - ياۋىداق ۋەدىلەرنى بېرىپ ئوقۇتقۇچىلارنى قايتۇردى. ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتتىن كۆز قۇلاقلىرى (ئىشپىيونلىرى) ئارقىلىق خەۋەر تاپقان ناھىيە مەمۇرلىرى ئوسمان مۇھەممىدىنى ئاقسۇغا يۆتكىۋەتتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنىمۇ ئۆستۈرمىدى.

ئەينى يىللاردىكى ئۈچتۇرپان بازار ئىچىدىكى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆمەر قاسىم، سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئىبراھىم مۆمىن، ئابلا ياقۇپ (بۇ كىشى مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىدى) قاتارلىق زىيالىيلار توپلانغانىدى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى باشلامچىسى ئۆمەر قاسىم ئاقسۇدا ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئابدۇللا روزى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ۋە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈچتۇرپاندىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۈچتۇرپاندىكى زىيالىيلارمۇ ئۆمەر قاسىمنىڭ ئۈچتۇرپاندىكى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىغا بىردەك قوشۇلدى. ئۆمەر قاسىم ئەڭ ئالدى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ ئىنقىلابتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانلىقىنى، كوممۇنىستلارنى ۋە نۇرغۇن ئىنقىلابىي كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلغانلىقى ۋە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكىنى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ئاممىسىغا سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈردى. 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھاكىم XXX، ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ يىشىڭ قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان

ئۆمەر قاسىم، سېيىت ئابباس، ئىبراھىم مۆمىنلەرنى يىراق يېزىلاردىكى مەكتەپلەرگە تارقىتىۋەتتى. لېكىن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ مۇنداق «تارقىتىۋېتىش» سىياسىتىمۇ ھېچقانچە ئۈنۈم بەرمىدى. تەشكىلات ئەزالىرى ھەرقانچە يىراقتا بولسىمۇ، ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ ئىنقىلابىي پائالىيەتنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى.

1945 - يىلى گومىنداڭنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك قورچاق ھۆكۈمىتى ئۈچتۇرپاندىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ، ئۆگىنىش كۇرسى ئاچىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ كۇرسنى ئېچىشتىكى مەقسىدى ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلىۋاتقان «ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى» بىلەن ئالاقە قىلىپ، خەلقنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشقا قوزغاۋاتقان بىر قىسىم زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلىش ئىدى. ئۆگىنىش كۇرسى باشلانغاندىن كېيىن، ھاكىم XXX، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ يىشىڭلار سۆزگە چىقىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلىدى. نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئۆمەر قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قاتتىق رەددىيە بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلار- نى ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىققا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلارغا سۆز ئاڭلىتالمىغان ھاكىم بىلەن ساقچى باشلىقى ئامالسىز يىغىندىن قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن تارقالدى.

1945 - يىلى مەشھۇر مائارىپچى، دراماتورگ ئابدۇللا روزى ئۆزى يازغان «ئۆگەي ئانا» دراممىسىنى ئۈچتۇرپاننىڭ ئاقيار يېزا بازىرىدا بىر نەچچە مەيدان ئوينايدۇ. خەلق بۇ دراممىنى ناھايىتى قارشى ئالىدۇ. شۇ مەزگىلدە ئۈچتۇرپاندا قۇرۇلغان «ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ باشلىقى ئۆمەر قاسىمنىڭ ياتىقىدا ئۇنىڭ بىلەن بەش كېچە سۆھبەتتە بولۇپ، ئۈچتۇرپاندا قانداق قانداق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلىشىدۇ. ئەتىسى ئۆمەر قاسىم ئىشەنچلىك بىر ئۆينى تېپىپ، داستىخان راسلاپ ئابدۇللا روزىنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ سورۇنغا ئۆمەر قاسىمنىڭ ئىشەنچلىك بۇرادەرلىرىدىن بىر نەچچە كىشى قاتنىشىدۇ. ئابدۇللا روزى بىرگە ئولتۇرغانلارغا «ئۆگەي ئانا» دراممىسىنىڭ مەقسىدىنى تەپسىلىي سۆزلەپ چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان زۇلۇمىنى كەڭ - كۇشادە سۆزلەپ، سورۇن ئەھلىنىڭ ئېڭىنى تېخىمۇ ئۆستۈرىدۇ. ئابدۇللا روزىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىدىن خەۋەر تاپقان ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسى ئاقيار يېزىلىق ساقچىخانىغا ئابدۇللا روزىنى تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرىدۇ. ئاقيار يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقى XXX ئابدۇللا روزىلار ئولتۇرغان نەق مەيدانغا كىرىپ، ئابدۇللا روزىنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالماي ئابدۇللا روزىغا«سىزنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن چاقىرتىۋاتىدۇ» دەيدۇ. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى چۈشەنگەن ئابدۇللا روزى ئەتراپتا ئولتۇرغان بۇرادەرلىرىگە «بۇرادەرلەر چاقىرغان بولسا باراي، خەير -

www.uyghurkitap.com

خوش» دەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ- دە، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇيدۇ.

گەر ئۆيۈڭدە بولمىسا ئوزۇق.
جاھان توقتۇر، بىر نان تېپىلماس.
كۆڭلۈڭ تىنچ بولسا دوستۇڭ تولادۇر،
بېشىڭغا چۈشسە بىر دوست تېپىلماس.

ئىشەنمە كىشىگە سىنىماي تۇرۇپ،
باھا بەرمە بىر قېتىم كۆرۈپ.
دوستلۇق يولى ئۈزۈلمىسۇن،
قانۇن يولى بۇزۇلمىسۇن.

ئاندىن دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئاقيار يېزىلىق ساقچىخانىدىكىلەر شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئاپىرىدۇ. ساقچى ئىدارىسى ئابدۇللا روزىنى 2 - تۈرمىگە سولاپ سوراق قىلىدۇ. ئۇنى ئۇچتۇرپاندا ئۆزى بىلەن ئالاقە قىلغان كىشىلەرنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستايدۇ ھەمدە ئېغىر قىيىن - قىستاققا ئالىدۇ. ئابدۇللا روزى ئۇچتۇرپان تۈرمىسىدە ياتقان 25 كۈن ئىچىدە قورچاق ساقچى دائىرىلىرى بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشىدۇ. سوراق ئارقىلىق ئابدۇللا روزىدىن ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىگە يۆتكەپ لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە سولايدۇ. ئابدۇللا روزى ئاقسۇ تۈرمىسىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى گۇندىپاي XXX دېگەن كىشى

تۈرمە تېمىغا قارىسا ئابدۇللا روزى مۇنداق بىر كۇبلېت شېئىرنى يېزىپ قويغان:

مەن ئۆلۈپ كەتسەم جاھاندىن مىڭلىغان ياشلار ئۆسۈر،
ۋەھشى ئىپلاس تىرنىقىدىن بارچە ئىنسان قۇتۇلۇر.
بەدىنىمگە ياغ چاچتىڭ، تىرنىقىمغا مىق قېقىپ،
خەير، ئاداققى مەقسىدىمىز كۆرەش بىلەن نۇر ياغۇر.

گۇندىپاي بۇ شېئىرنى خاتىرىسىگە يېزىۋېلىپ تامدىكى شېئىرنى ئۆچۈرۈۋەتكەن. كېيىن بۇ كىشى بۇ شېئىرنى بىزگە بەردى. ئابدۇللا روزى، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەر قولغا ئېلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى باي ناھىيىسىنى ئازات قىلىپ، ئاقسۇ كوناشەھەرنى ئىشغال قىلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇدىكى گومىنداڭنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشتى. دەل مانا مۇشۇنداق پەيتتە مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبقا چۈشكەن قىسىملىرىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئۇچتۇرپاندىكى سىپىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس (ئۆزىنىڭ ئىنىسى) قاتارلىقلارغا «بىز پات يېقىندا ئۇچتۇرپانغا بارىمىز، سىلەر ئىلغار ياشلارنى تەشكىللەپ، قوزغىلاڭ تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەڭلار» دېگەن مەزمۇندا خەت چىقىرىدۇ. بۇ خەت ئۇلارنىڭ قولىغا تەگمەي ۋۇ يىشىڭنىڭ قولىغا

چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋۇ يىشىڭ قوزغىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈچتۇرپاندىكى ئىلغار ياشلارنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. 1945 - يىلى 8 - ئايدا ئۆمەر قاسىم، سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئىبراھىم مۆمىن، ئابلا ياقۇپ، تۇراپ قارى قاتارلىق زىيالىيلار مۆلچەر تاغ باغرىدىكى توققۇز بۇلاقتا قەرت ئويناش شەكلى بىلەن جىددىي يىغىن ئېچىۋاتقاندا، ساقچىلار تەرىپىدىن بىراقلا قولغا ئېلىنىدۇ. شۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە يەنە ساقچى دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن چېتىشلىقى بار دەپ قارىغان 18 كىشىنى تۇتقۇن قىلىدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆمەر قاسىم قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنى ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىپ ئېغىر قىيىن - قىستاققا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ھېچقانداق ماتېرىيالغا ئېرىشەلمەيدۇ.

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرى ۋۇ يىشىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ XXX كە مەخپىي ئالاقە يوللاپ، تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سورايدۇ. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن «ئىلى ئوغرىلىرى ئۈچتۇرپانغا بېسىپ كىرسە ئۇلارنى ئېتىۋېتىڭلار، ئۇنداق بولمىغاندا ھازىرچە ئۇلارنى ساقلاپ تۇرۇڭلار» دەپ يوليورۇق بېرىدۇ. جاللات ۋۇ يىشىڭ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، تۇتقۇن قىلىنغانلارنى سوراق قىلىشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرىدۇ. بولۇپمۇ ئىنقىلابىي روھى ئۇرغۇپ تۇرغان سېيىت ئاباس، ئارتۇق ئاباس، ئۆمەر قاسىم قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق سوراق قىلىدۇ. ئۇلارنى قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئالغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ھېچنەرسىنى ئىقرار قىلمايدۇ.

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بىر پەي ئەسكىرى ئۈچتۇرپاننىڭ ئاقيار يېزىسىغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭ دائىرىلىرى دەرھال ئاقچى ناھىيىسى ئارقىلىق قەشقەرگە قېچىش ھەم تۇتقۇن قىلىنغانلارنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلايدۇ.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۇ زىچىڭ، ۋۇ يىشىڭلار سېيىت ئاباس، ئارتۇق ئاباس، ئۆمەر قاسىم، ئابلا ياقۇپ، ئىبراھىم مۆمىن، تۇراپ قارى قاتارلىق 18 نەپەر كىشىنى بىر كۈن ئىچىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۈچتۇرپان شەھىرىنى ئىلغار ياشلارنىڭ قېنى بىلەن بويىۋېتىپ، قېچىپ ئاقچى ناھىيىسىگە يېتىپ بارغاندا ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن تېلېگرامما كېلىپ، يەنە ئۈچتۇرپانغا قايتىپ كېلىدۇ. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، جاللات شىڭ دۇڭچۇەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بۇ 18 كىشىنى ئاتقاندا، قالغان 17 كىشى نەق مەيداندا قۇربان بولىدۇ، دۈشمەن ئوقى ئىبراھىم مۆمىننىڭ قورسىقىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈچەيى ساڭگىلاپ قالىدۇ. ئىبراھىم مۆمىن ئۈچەيىنى سۆرەپ ئۆمىلەپ بېرىپ كىچىك ئېرىقتا ئېقىۋاتقان توققۇز بۇلاق سۈيىدىن بىر ئوچۇم ئېلىپ ئاغزىغا تەگلىشىگە جاللات شىڭ دۇڭچۇەن

www.uyghurkitap.com

يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە دەسسەپ تۇرۇپ مىلتىقىنىڭ پايىنىكى بىلەن يۈرىكىگە بىرنەچچىنى ئۇرۇۋېتىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان خەلق بۇنىڭغا چىدىيالماي مەرھۇمنى يۆلەپ توققۇز بۇلاق سۈيىدىن ئىچكۈزۈپ قويىدۇ. سۇ ئىچىپ تەشنالىقى قانغان ئىبراھىم مۆمىن كۆپچىلىككە: «بۇ جاللاتلار نېمە دېگەن ۋەھشىي؟! ئېتىپ قانائەت قىلماي، مىلتىق بىلەن ئۇرۇپ يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى. بۇ ياۋۇزلارنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭلار، چوقۇم ئىنتىقام ئېلىڭلار، بىز قۇربانلار شۇ چاغدا رازى بولىمىز» دەپ جان ئۈزىدۇ.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۇچتۇرپان خەلقى ھەممە پۈتكۈل شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر قايغۇلۇق كۈن بولدى. غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشقان خەلق خەلقنىڭ ئازاتلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن قۇربان بولغان بۇ 18 ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ جەسىتىنى قان - ياش ئىچىدە دەپنە قىلدى. بىرلا ۋاقىتتا ئىككى نەۋقىران ئوغلىدىن ئايرىلغان ئىنامخان ئانا سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئابلا ياقۇپلارنىڭ تاۋۇتىنى ئالدىدا قان - ياشلىق يىغىسىنى يىغلاپ، ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىدى.

18 نەپەر ئىنقىلابىي قۇربان قاتارىدىكى تۇراپ قارىنىڭ ئەسلى ئىسمى ھاجى مۇھەممەت بولۇپ، تۇراپ قارى دېگەن بۇ ئىسمىنى ئۇنىڭغا مەمتىلى تەۋپىق قويۇپ قويغانىدى. تۇراپ قارى غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي ھەممە قەشقەر رايونلىرىدا قارىلىقتا داڭ چىقارغانلىقى ئۈچۈن قارى نامى سىڭگەنىدى. تۇراپ قارى غۇلجا بىلەن قەشقەردە قۇرۇلغان گومىنداڭغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئۇچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق ئالاقىچىسى بولغان. ئۇ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئانىسى ھاشىخان ئۇچتۇرپانغا كېلىپ، كېگىزنى تېشىپ شالدىراق قىلىپ كىيىپ، ئۇچتۇرپان كوچىسىدا ھازا ئېچىپ يىغلاپ، خەلقنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ ھەممە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتىدۇ.

ئىنقىلابچىلار قەتلى قىلىنغان كۈنى بۇ تاغلىق شەھەر ئاھالىسى ئېغىر ماتەمگە چۆكتى. ھۆرلۈككە تەشنا بولغان خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە يەرلىك مىللىي مۇناپىقلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى قايناپ-تاشتى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# 6 - باتالىيوننىڭ كەچۈرمىشلىرى

سوپاخۇن سۇۋۇرووف

1942 - يىلى 1 - ئاينىڭ باشلىرى بىزنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇستەقىل پىيادە 6 - باتالىيونىمىزغا قەشقەردىن كونا تۇرپانغا يۆتكىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشتى. 13 - كۈنى يولغا چىقتۇق. بىزنىڭ باتالىيون كۈچلۈك مىللىي قوشۇن بولغاچقا، شىڭ شىسەي ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالماي، ئارقا كۆرۈنۈشى بار تۇرپانغا يۆتكىمەكچى بولغانىدى. بۇ قىسىمنى قەشقەردىن بارلىق ئاتا- ئانا، بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە يۆتكەشتە قىسمنى تارمار قىلىش مەقسەت قىلىنغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەقىل پىيادە 6 - باتالىيون بارلىق بالا - چاقىلار بىلەن بىرگە ئەۋۋەل ئاقسۇغا يۆتكەپ كېلىندى. 6 - باتالىيون مەمۇرىيىتى قىسىمنى بىر روتا بىر روتىدىن پارچىلاپ، ھەر بىر روتا ئارىلىقىدا ئۈچ كۈنلۈك يول قالدۇرۇپ يولغا سالدى. كورلىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ ئالدىن ئەۋەتكەن تۆت - بەش ھەربىي ئەمەلدارى قىسىملىرىمىزنىڭ قورال - ياراقلىرىنى سېرىپ - سۈپۈرۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كەتمەن، گۈرجەك، جوتو بېرىپ، ئەينى چاغدىكى قاراشەھەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق خوتۇنسۇمۇل، كۆنچى (لوپنور ناھىيىسى)، كورلا، بۇگۇر، چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق يەتتە ناھىيىدىن كەلگەن 3000دىن ئارتۇق دېھقان - چارۋىچى بىلەن قوشۇپ، كورلا - چاقىلىق يولى قۇرۇلۇشىغا ئەۋەتتى. بۇ قۇرۇلۇشقا چاقىلىقتا تۇرۇۋاتقان بىر ئاتلىق پولكمۇ قاتناشتۇرۇلدى. بىزنىڭ خوتۇن، بالا- چاقىلىرىمىزنى شىڭ شىسەي قاراشەھەردىكى دەڭ - سارايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەتراپىغا پوست قويۇپ، نەزەربەنت قىلىپ قويدى. پەقەت بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشىگىلا بىر ئېغىزدىن ئۆي تەقسىم قىلىنغانىدى. شىڭ شىسەي 6 - باتالىيوندىكى ئوفىتسېر- ئەسكەرلەرنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى قاراشەھەرگە ئەكىلىپ قويساق، ئۇلار ھېچيەرگە كېتەلمەيدۇ ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرەلمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

يېڭى ياسىلىۋاتقان تاشيول قۇرۇلۇشىغا سابىق تاشيول ئىدارىسىنىڭ ۋاڭ فامىلىلىك بىر باشلىقى (ئايالى رۇس) مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېتلىك بارسكوف ئىسىملىك بىر رۇس ئىنژېنېر بار ئىدى.

تاشيول قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى بىلەن 6 - باتالىيوننىڭ شتابىمۇ كورلىغا جايلاشقانىدى. ئەينى يىللاردا كورلا شەھىرى



گۈزەل بىر بوستانلىق شەھەر ئىدى. باغراش كۆلىدىن باشلانغان باش ئەگىم دەرياسى كورلا شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ لوپنور كۆلىگە قۇيۇلاتتى.

4 - روتا كۆنچى ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزىلارغا ئورۇنلاشتى. مەن قوماندانلىق قىلىۋاتقان 1-، 3- روتىلار باش ئېگىز، شىنىغا، چوڭ كۆل، سەكسەن كۆۋرۈك دېگەن جايلارغا ئورۇنلاشتى. تارىم دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى دۆڭ قوتاندىن ئېقىپ ئۆتەتتى. بىر تارمىقى چوڭ كۆل مەھەللىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئۆتۈپ، كەڭ تۈزلەڭلىككە كەلگەندە تارىيىپ ئاقاتتى. مۇشۇ تار ئېقىنغا 80 دانە تار ياغاچ كۆۋرۈك سېلىنغانىدى. بۇ يەردىكى دەريا سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن دەريانىڭ تېگىدىكى بېلىقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. قىشتا مۇزلىماي ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. چوڭ كۆل مەھەللىسىدىن چىقىپ، سەكسەن كۆۋرۈكتىن ئۆتسە، جەنۇب تەرەپتە ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرى قۇمتاغدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز ياساۋاتقان يول قۇم بارخانلىرى ئارىلىقىدىن ئەگرى - بۈگرى ئايلىنىپ، بەش كىلومېتىردەك ئۆتكەندىن كېيىن، تەكلىماكاننىڭ قىلىن توغراقلىق ئورمىنىغا كىرىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ كۆل، تېيىز كۆل، كۆزلەك مەھەللىلىرىگە باراتتى. كۆنچى ناھىيىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ باش، ئاياق تەرەپلىرىگە كۆۋرۈك سالغىلى بولمىغاچقا، كىشىلەر دەريادىن كېمە ئارقىلىق ئۆتىدىكەن. چوڭ كېمىلەردە ھارۋا، ئات - مال - چارۋىلار ئۆتكۈزۈلىدىكەن. 1943- يىلى تاشيول قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ پۈتكۈزۈش ئۈچۈن، كۆنچى بازىرىدىن ئىككى-ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا كاتتا سىم ئارقانلار بىلەن ماڭىدىغان چوڭ كېمە سېلىقى ياسالدى. بۇ قۇرۇلۇشقا بىزنىڭ 6 - باتالىيوندىن بىر ئىزۋوت (30 ئەسكەر) ئاجرىتىلدى. رۇس ئىنژېنېر بارسكوف تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. سابىق تاشيول ئىدارىسىنىڭ قوماندانلىقىدا كېمە سېلىقى قۇرۇلۇشى 1943- يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن كۆنچى ناھىيىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىغا ماكانلاشقان كىشىلەر ناھايىتى خۇشال بولۇشتى.

بىزگە ئۇلۇغ كۆل، تۈزكۆل، كۆزلەك، چارا قاتارلىق جايلاردىكى 100 كىلومېتىرغا يېقىن تاشيولنى ياساش تەقسىم قىلىندى. 1-، 3- روتىلارغا يولنى ئۆلچەش، قوزۇق قېقىش قاتارلىق تېخنىكا ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ۋاڭ، جاڭ فامىلىلىك ئىككى تېخنىك ئاجرىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا دۇبەن مەھكىمىسىدىن كەلگەن مەسلىھەتچى-لەرمۇ ھەپتىسىگە بىر - ئىككى قېتىم ئاتلىق كېلىپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئايدا بىر قېتىم ئۈرۈمچىدىن ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار-دىن تەشكىللەنگەن چوڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى كېلىپ تۇراتتى. 2 - روتىغا كۆنچى ناھىيىسىدىن چوڭ كۆل يېزىسىغىچە بولغان يول بۆلىكى تەقسىم قىلىندى. ھاكى قۇرباننىڭ پىلىموت روتىسى كۆنچى مەھەللىسىدە قالدۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، 1-، 2-، 3- روتىلار كۆنچى ناھىيىسىنىڭ تەكلىماكان چۆلى تەرەپكە تەقسىم قىلىنىپ، ھاكى قۇرباننىڭ روتىسى كورلا تەرەپتە قالدۇرۇلدى. بۇ مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. چۈنكى ھاكى قۇربان يۇقىرىغا ناھايىتى ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ بىرى ھەم قاتتىق

قول، خۇشامەتچى، ھاكاۋۇر، سىرلىق ئادەم بولغاچقا، يۇقىرىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. بۇ يەردىكى ئۈچ روتا بىرەر ئىش سادىر قىلسا، كورلا تەرەپتىن چوڭ قوشۇن يېتىپ كەلگىچە، كۆنچىدە قالغان ھاكى قۇربان ئۇلارنى توسۇپ قالالايدۇ، دەپ قارىغانىدى. ھاكى قۇربان جەڭچىلەرگە ناھايىتى قاتتىق قول، رەھىمسىز ئادەم ئىدى. شۇ يىلى قىشتا كورلىدا ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان كۈنلەردە كۆنچى دەرياسىدا مۇز پارچىلىرى ئېقىپ تۇراتتى. بىر كۈنى دەريادا بىر قوي ئېقىپ كەلدى. بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا يۈرىكى قاپتەك ئادەم بولسىمۇ قوينى قۇتقۇزۇپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. دەريا سۈيى ناھايىتى ئۇلۇغ ئېقىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ھاكى قۇربان مۇئاۋىن ئىززۇوت كوماندىرى توخنىيازنى دەريادىن قوينى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. ھەربىي بۇيرۇقنى ھەممىدىن بۈيۈك دەپ بىلگەن توخنىياز ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، يېنىك كىيىم بىلەن دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى. توخنىياز ئاقسۆلۆك تەمبەل ئادەم ئىدى. ئۇ مۇز پارچىلىرىنىڭ بەدىنىنى تىتىۋەتكىنىگە قاتتىق بەرداشلىق بېرىپ، دەريادا ئۈزۈپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە قوينى قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. قاتتىق سوغۇق توخنىيازنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە، يەرگە ئىڭىشىپ كىيىملىرىنى ئېلىشقىمۇ بولالمىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن ھاكى قۇربان «قوينى ئېلىپ چىقىشقا مەن بۇيرۇق بەرمىدىم، ئۆزى ئېلىپ چىقتى» دەپ تېنىۋالدى. توخنىيازنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن 4 - روتىدىكى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر ۋە ئەتراپتىكى خەلق ئۇنى تېزدىن گازارمىغا ئېلىپ باردى. بۇ يەردىمۇ ھېچقانداق ئامال بولمىدى. ساپساق ئادەمنىڭ بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن جەڭچى، ئوفىتسېرلار ۋە خەلق ئاممىسى قاتتىق غەزەپكە كەلدى. بىراق ھاكى قۇرباننىڭ زومىگەرلىكىگە لەنەت ئوقۇماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن توخنىيازنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ خەۋەر 6 - باتالىيوننىڭ كورلىدىكى شتابىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇلار دەرھال بىر دوختۇر ئەۋەتتى. دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ دەرھال كورلىدىكى چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا بۇيرۇدى. ئۇ چاغدا ماشىنا بولمىغاچقا، كۆنچىدىن كورلىغىچە بولغان 55 كىلومېتىر يەرگە كالا ھارۋىسى بىلەن ئاپىرىشقا توغرا كەلدى. كورلىغا يېتىپ بارغىچە توخنىيازنىڭ پۇتى كۆسەيدەك قارىداپ كەتكەنىدى. كورلىدىمۇ ئامال بولماي، قاراشەھەر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يوللىنىپ، ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى پۇتى تىزىدىن كېسىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قاۋۇل ياش يىگىت كاردىن چىقتى. ئۇ مېيىپ بولغاچقا سەپتىن بوشىتىلدى. ئايالى تاشخان بىلەن قىزلىرى چولپان ۋە تۇرسۇنگۈللەر قان يىغلاپ يۈرۈپ ئۇنى ئېلىپ ئاقسۇغا قايتىپ كەتتى. ھاكى قۇربان ئەسكەرلەر قىلچىلىك سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە قولىنى ئاچقۇزۇپ تاياق بىلەن ئالقانلىرى يېرىلغۇدەك ئۇراتتى.

1945 - يىلى 8 - ئايدا بىز ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى پارتىزانلىرى ئاقسۇغا چۈشۈپ، كونا شەھەردە تۇرۇۋاتقىنىمىزدا، توخنىيازنىڭ ئايالى ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى پاكىز ئالدۇرۇپ، پاكىز كىيىندۈرۈپ،

ئېشەككە مىندۈرۈپ بىزنىڭ شتابقا ئېلىپ كەپتۇ. بىز كونا سەپداشلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. تاشخانغا ۋاپادارلىقى ئۈچۈن رەخمەت ئېيتتۇق. ئۇلارغا ھۆكۈمەت ئىسكىلا-تىدىن بىر ۋېلسىپىت، بىر قۇردىن كىيىم ئېلىپ بەردۇق. ئۇ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. 1958 - يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بارغىنىمىزدا توخنىياز بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ قالدۇق. ئۇ چاغدا تاشخاننىڭ سىڭلىسى ھاۋاخان ئاشخانا ئېچىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتقانىكەن.

## يول ياسىغۇچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرى

بىز 6 - باتالىيوننىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى 3000 دەك يەرلىك خەلق بىلەن بىرگە تەكلىماكان چۆلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ھارۋا يولىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ، چاقىلىقتا بارىدىغان 448 كىلومېتىر يولنى ياسىدۇق. زىمىستان قىش پەسلى بولغاچقا، ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى. بىچارە خەلق ئوچۇق تۈزلەڭلىكتە قۇم دۆۋىلىرى يېنىدا ياكى چوڭ توغراقلارنىڭ تۈۋىدە ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى كۆرپە قىلىپ تىترەپ يېتىپ - قوپاتتى. كۈندىلىك تۈرمۈشقا كېرەكلىك سۇ ئېشەك، تۆگە ھارۋىلىرى ئارقىلىق توشۇلاتتى. ھەر كىم ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئوزۇق - تۈلۈكلىرى بىلەن تاماق ئېتىپ يەيتتى. ئىش ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەمچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قېرى، ئاجىز كىشىلەر بولغاچقا، ئېغىر ئەمگەك ئازابىدىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. ئۇلارنىڭ ئوزۇقى تۈگىسە ئۇلارنىڭ زارىنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمايتتى. بەزىلەر بۇنىڭغا چىدىماي قېچىشقا مەجبۇر بولاتتى. تاشيول قوماندانلىق شتابى بۇ ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كورلا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن بىر ئەترەت ساقچى ئېلىپ كېلىپ، قوراللىق نازارەت قىلىشقا باشلىدى. «قورساق ئاچ، ئاش - نان بېرىڭلار» دېگەنلەرنى «دودەنلىك قىلدىڭ» دەپ تۈرمىگە تاشلايتتى. بۇ ئىشلارغا ئىچىمىز چىدىماي ئارىلىشايلى دېسەك، ئۆزىمىزمۇ گۇناھكار دەك ئىشلەۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن غىڭ - پىڭ قىلالمايتتۇق. بىزنىڭ قوماندانلىق شتابىمىز كورلىدا بولغاچقا، باتالىيون كوماندىرى ھەسەن ئارىلاپ ئىش مەيدانىغا كېلىپ تۇراتتى. بىچارە جەڭچىلەر «يىڭجاڭ بىز قاچان قايتىمىز؟» دەپ سورىسا، ھەسەن يىڭجاڭ «ھەي قاپاقباشلار، قولىقىڭلارغا يەتتە كەتمەن توپا توشقاندا ئاندىن قايتىمىز» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بىز ئىلاجىسىز شۈك بولۇپ قالاتتۇق. بىزگە ياتاق ئۈچۈن قاراشەھەردىكى موڭغۇل چارۋىچىلارنى قاقشىتىپ، كىگىز ئۆيلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

بىز ھارۋا يولىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ تاشيول ياسىغان بولساقمۇ، بەزى يەرلەردە قۇمدۆۋە ۋە ئازگاللارغا توغرا كېلەتتۇق. مۇنداق قۇملۇقتا بىر كەتمەن چاپساق، نەچچە كەتمەن قۇم سىرىلىپ چۈشۈپ ۋەزىپىنى ئورۇنداش قىيىن بولاتتى. بەزىدە توغراقلىق ۋە قومۇشلۇقلاردىن يول ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. توغراقلىق شۇ قەدەر قېلىن ئىدىكى، بىر ئادەم كىرىپ كەتسە مىڭ ئادەم كىرىپمۇ ئىزدەپ تاپالمايتتى. قۇچاق يەتكۈسىز توغراقلار ئاسمان پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، قۇرۇغان توغراقلار ئەتراپتا يىقىلىپ ياتاتتى. يەنە بەزىدە قەدىمكى زاماندا ئاتا - بوۋىلىرىمىز بەرپا قىلغان

شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرى، ئېگىز، قېلىن سېپىللار، چوڭ - كىچىك گەمىلەر، يەر ئاستى يوللىرى، غارلار ۋە كىچىك قەلئەلەر ئۇچراپ تۇراتتى.

## لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇشى

لوپنۇر خەلقى ساددا، ئاقكۆڭۈل، مېھماندوست خەلق بولۇپ، ئاساسلىق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلار دەريا بويلاپ، كىچىك - كىچىك كۆل بويلىرىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. بۇ يەردە ياۋا كەندىر كۆپ بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ چىگىسىدىن چىرايلىق يوللۇق رەخت توقۇپ كىيىم كىيىدىكەن. ئەرلەر ئىشتان - چاپان، ئاياللار ئۇزۇن، يانچۇقلۇق چاپان توقۇپ كىيىدىكەن. كەمبەغەللەر كۆپ بولۇپ، يازدا ئاساسەن بېلىق، قىشتا يىكەن يىلتىزى، قاغا جىگدىسى يەپ ئاشلىقنى قوشۇمچە قىلىپ يەيدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئەر - ئاياللىرى ئوخشاشلا ئەمگەكچان بولۇپ، ياش چوكانلار ئۇزۇن، تار ئوقۇرغا ئوخشايدىغان قېيىقلارنى ھەيدەپ، ئۇ قاتقا ئۆتۈپ ئوتۇن ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. تۇرمۇشى ياخشىراقلىرى كېسەك ئۆيلەردە، كەمبەغەلرەكلىرى قومۇش ئۆي ھەتتا گەمىلەردە تۇراتتى. بۇ يەردە مال - چارۋىلارنى ئېغىل، قوتانلارغا سولاپ قويۇپ باقىدىغان ئادەت يوق ئىدى. مال - چارۋىلار قىش - ياز جاڭگالدا يايلاپ يۇرگەچكە ياۋايىلىشىپ كېتىدىكەن. كىشىلەر بىرەر خېرىدارغا ئات ياكى كالا ساتماقچى بولسا خېرىدارنى جاڭگالغا باشلاپ بېرىپ، مالنى كۆرسىتىپ باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتاتتى. چۈنكى جاڭگالدا ياۋايىلىشىپ كەتكەن مالنى تۇتۇش ئاسانغا توختىمايتتى. ئېشەكلەرمۇ ياۋايىلىشىپ ئادەمنى كۆرسە بىر كۇنلۇك يەرگە قاچاتتى.

بۇ يەرنىڭ توپىسى يۇمشاق بولغاچقا، ئېشەكلەرنىڭ تۇۋىقى ئۆسۈپ ئۇچى ئاسمانغا قاراپ قالىدىكەن. چارۋا ئىگىلىرى بايقاپ تۇرۇپ قايسى مال تۇغسا شۇ كۇنىلا ئەن تامغىسىنى بېسىپ يەنە جاڭگالغا قويۇۋېتىدىكەن. مەن چوڭ كۆلدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ئىبراھىم دېگەن كىشىدىن «قانچىلىك چارۋىڭىز بار؟» دەپ سورىسام، ئۇ كىشى ئېنىق جاۋاب بېرەلمەي، ئوغلىغا خاتىرە دەپتىرىنى ئالدۇرۇپ چىقىپ، 30 كالا، سەككىز ئات، بىر قورۇ قوي (300 - 400 قوي بىر قورۇ ھېسابلىنىدىكەن)، 75 ئېشەك بار دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە «ئېشەكلىرىڭىز نېمانداق جىق» دەپ سورىسام، «ئات - كالىلارنى ساتىمىز ياكى قېرىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يەيمىز، ئېشەكنى ئالىدىغان ئادەم بولمىغاچقا شۇنداق كۆپىيىپ كەتكەن، ئۇنىڭ بىزگە ئېغىرچىلىقى يوق» دەپ جاۋاب بەردى. قىشتا مال - چارۋىلارنى سوقۇم قىلىپ يېيىشنى بىلمەيدىكەن ھەم مۇنداق گەپنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەن.

بۇ يەردە ياۋا توڭگۇز كۆپ بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ زىرائەتلىرىنى يەپ، بەك زىيان سالىدىكەن. ھەتتا ئورىغا كۆمۈپ قويغان ئاشلىقلىرىنىمۇ پۇراپ تېپىپ يەپ كېتىدىكەن. كىشىلەر نەيزە، كالتەك، پالتا قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللىنىپ ئاتلىق ياكى پىيادە قوغلاپ يۈرۈپ يوقىتىدىكەن. ياۋا توڭگۇز بەك كۆپ بولغاچقا قاراشەھەر، كورلا ۋە باشقا يەرلەردىن موڭغۇل، خەنزۇ ئوۋچىلار بۇ يەرگە كېلىپ ياۋا توڭگۇز ئوۋلاپ كېتىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا بۆغا - ماراللارمۇ كۆپ بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى تۇتۇپ بەزىدە

كۆندۈرۈپمۇۋالدىكەن. بىز ھەربىيلەرنىڭ تەمىناتىنى مۇشۇ لوپنۇر خەلقى تەمىنلەپ تۇردى. ئۇزۇق - تۈلۈك ئۇلارنىڭ ئۆزىگىمۇ يېتىشمەيۋاتقاندا، بىزنىڭ كېلىشىمىز تېخىمۇ بىر ئاپەت بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 3000 دەك خەلق ئىشچىسىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىمۇ قاراشەھەر، كورلا، بۈگۈر، خوتۇنسۇمۇل ناھىيىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى. شۇڭا يەرلىك خەلقمۇ ئېغىر ئاشلىق قىيىنچىلىقىدا قالدى. شۇنداق قىلىپ 1942 - يىلى 12 - ئايدىن 1943 - يىلى 4 - ئايغىچە بولغان بەش ئايلىق جاپالىق ئەمگەكتىن كېيىن، بىز كورلىدىن چاقىلىقچە بولغان 448 كىلومېتىر يولنى پۈتكۈزۈپ كورلىغا قايتىپ كەلدۇق.

### كورلىدا دەم ئېلىپ بۇيرۇق كۈتۈش

بىز كورلىغا كېلىپ دەڭ - سارايلارغا چۈشتۇق. مەن تۇرغان 1 - روتا ھاشىم شاگىيو دېگەن كىشىنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتى. بۇ چاغ گەرچە ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر قاتتىق چارچاپ ھالىدىن كەتكەن چاغ بولسىمۇ لېكىن، تەبىئەت يېشىللىققا پۈركۈنۈپ، قايتا ھاياتلىق باشلانغان ناھايىتى ئېسىل بىر پەسىل ئىدى. بۇ چاغدا ئەسكەرلەرنىڭ قاراشەھەردىكى خوتۇن، بالا - چاقىلىرىدىن خەت - خالتىلار كېلىشكە باشلىدى. 6 - باتالىيون شتابى ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قاراشەھەردىن كېلىپ كۆرۈشمەدۇ ياكى ئەسكەرلەرنى نۆۋەت بىلەن قاراشەھەرگە ئاپىرىش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى جىددىي مۇزاكىرە قىلماقتا ئىدى. باتالىيون كوماندىرى ھەسەن مىنى ۋە 2 - روتىنىڭ كوماندىرى ھەسەن سوپى (قۇمۇللۇق، ساۋاقداش)، 3 - روتىنىڭ كوماندىرى ئەيسا ئەخمەت (غۇلجىلىق، ساۋاقداش)، 4 - روتىنىڭ كوماندىرى ھاكى قۇربان (غۇلجىلىق، ساۋاقداش) لارنى چاقىرىپ مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇردى. ئاخىرىدا ھەر بىر بەندىن بىردىن كىشى يەنى بىر روتىدىكى توققۇز بەندىن توققۇز كىشىنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ قاراشەھەرگە ئەۋەتىدىغان بولدۇق. ھەر بىر روتىدا بىردىن ھارۋا بار بولغاچقا، روتىلار ئۆز ئادىمىنى ئۆزى ئاپىرىدىغان بولدى. تاشىيول قوماندانلىق شتابى بىر ھەپتىدىن كېيىن بىزنىڭ پىلانىمىزنى تەستىقلىدى. 5 - ئايدىن باشلاپ ئائىلە يوقلاش باشلىنىپ كەتتى. ئائىلە تاۋابىئاتلار قاراشەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا، دەڭ - سارايلارغا پوست قويۇلۇپ، رۇخسەتسىز سىرتقا چىقىرىلمىغاچقا، ئۇلار سۈرگۈن قىلىنغان ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئوخشايدۇ دەپ قارىلىپ، قاتتىق نازارەت قىلىنغان، ھەتتا سودىگەرلەرمۇ ئۇلارغا مال سېتىپ بېرىشتىن قورققان، بۇ ئىش ئۇلارغا ئېغىر ھار كەلگەن.

ئائىلە يوقلاش باشلانغاندا كورلىدا ئورما باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئەسكەرلەر دېھقانلارنىڭ ئورما، خامان ئېلىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، كېسەك قۇيۇپ ئۆي سېلىپ بەردى. چوڭراق قۇرۇلۇشلارنى كوماندىرلارنىڭ سەپەرۋەرلىكى بىلەن كۆپرەك ئادەم بېرىپ پۈتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن كورلا ياشلىرى، زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچىلار بىزنى ئىزدەيدىغان، بىز بىلەن پىكىرلىشىدىغان، باغ سەيلىلىرىگە بىللە ئېلىپ بارىدىغان بولدى. كۈندە دېگۈدەك مەكتەپ مەيدانلىرىدا توپ مۇسابىقىلىرى بولۇپ تۇرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ يەرلىك خەلق بىلەنمۇ ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كەتتۇق.

www.uyghurkitap.com

باتالىيوندا يەنە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ھەۋەسكارلىرىمىز بار ئىدى. ئۇلارنىڭ سازلىرى تولۇق ئىدى. قەشقەرلىك سەنئەتكار ھەسەن پارىس باتالىيون شتابىنىڭ زاپخوزى ئىدى. ئۇ ھەۋەسكارلارنى تەشكىللەش، ئۇلارنى مەشىق قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. يەنە قەشقەرلىك سەمەت ئۇستام تەربىيىلەپ چىققان ئۆمەر ئېلى، تەۋەككۇل ئەلەم، چاڭچى مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلار بىزنىڭ سازەندىلىرىمىز ئىدى. ئۇلارنىڭ سەنئەت كىيىملىرىمۇ بار ئىدى. ھەپتىدە دېگۈدەك ئويۇن قويۇلۇپ تۇراتتى. ئويۇنغا نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق قاتارلىق ھەربىي مەشىق تۈرلىرىنىمۇ قوشۇپ ئوينايتتۇق. بۇ ئىشلاردىن كورلا خەلقىنىڭ بىزگە مېھرى چۈشۈپ، ئىشەنچىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ بىز بىلەن بىللە پائالىيەت قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن «سۇرگۈن قىلىنغان ئەسكەرلەر» دېگەن ئۆسەك سۆزلەرگىمۇ خاتىمە بېرىلدى. شۇ يەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى بىزگە سەنئەت جەھەتتىن تەربىيىلەپ بېرىشكە قوشۇپ قويدى. ھەسەن پارىسنىڭ جان كۆيدۈرۈپ تەربىيىلىشى بىلەن بۇ ئوقۇغۇچىلار خېلى يېتىشىپ، ئۆز ئالدىغا ئويۇن قويالايدىغان بولدى. كورلىدا خەلق ئارىسدا ئۆتكەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىمىز بىزنىڭ تەكلىماكان چۆللۈكىدە تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىمىزنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى.

بىر قېتىملىق ئويۇندا سەنئەتكارلار بىلەن ئەسكەرلەر بىرلىكتە ئىجات قىلغان «ئەشمىدىكى زەينەپخان، چىمەن دوپپاڭغا كۆيدۈممەن» دېگەن ناخشا ئېيتىلغاندا، تاماشىبىنلار ھەر بىر مىسرانىڭ ئاخىرىدا گۈلدۈراس چاۋاك چېلىشىپ ئالقىشلاپ كەتتى ھەمدە قايتا-قايتا تەلەپ قىلىپ ئېيتقۇزدى. كېيىن بۇ ناخشا كورلا خەلقىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ناخشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق ئىدى:

بىزنىڭ 6 - باتالىيون ئاقسۇدىن بىر روتا بىر روتىدىن يولغا چىقىپ بۈگۈر يېنىدىكى ئەشمىگە كەلگەندە زەينەپخان ئاتلىق بىر كېلىشكەن چوكاننىڭ ئاشخانىسىدىن تاماق يەيدۇ. بۇلار ئەسلىدە كەمبەغەل كىشىلەر بولۇپ، يولدىشى ئابدۇرېھىم ئاخۇن 50 تىن ئاشقان، زەينەپخان بولسا 25 ياشلار چامىسىدىكى ئايال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر ئارىسىدا «بىر گۈزەل لەغمەنچى ئايال بار ئىكەن» دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى. ھەممەيلەن شۇ ئاشخانىغا تاماق يېگىلى باراتتى. مەنمۇ ئىلگىرىكى ئايالىم تۇخاننى ئېلىپ تاماق يېگىلى باردىم. زەينەپخاننىڭ بېلەكتەك ئىككى ئۆرۈم چېچى تېقىمىغا چۈشۈپ تۇراتتى. بېشىغا چىمەن دوپپا كىيىۋالغانىدى. ئۇ يوغان تەڭنىدە تونۇرغا نان ياققىدەك خېمىرنى يۇغۇرۇپ لەغمەنگە پىلتە قىلىۋاتقان ئىكەن. خېمىرنى پىلتە قىلىپ بولۇپ، بىردەمدىلا قورۇما قورۇپ چۆپنى تارتىشقا باشلىدى. لەغمەن ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى، شۇڭا بەزى ئەسكەرلەر ئىككى-ئۈچ تەخسىدىن يېدى. بەزىلەر ئۇ ئايالغا چاقچاق قىلىشقىمۇ ئۈلگۈردى. لېكىن زەينەپخانمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەبىئىي گۈزەل چىرايى، كېلىشكەن قەددى - قامىتى داڭقىغا مۇناسىپ ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە بېقىپ، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتىمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئەسكەرلەر «چىمەن دوپپىغا كۆيسەڭمۇ، ئۆزگە يېتەلمەيسەن» دېگەن ئاساستا بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ناخشىنى ئىجات قىلغانىدى.

شۇ خۇشاللىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە 6 - باتالىيوندا بىر كۆڭۈلسىز ئىش يۈز بەردى. بۇ ئىش بىز ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ خۇشاللىقىنى قاياقلارغىدۇ ئۇچۇرۇپ كەتكەنىدى. قەشقەردىكى ئاتلىق 35 - پولك (قىرغىز پولكى) نىڭ سەنمۇجاڭى قۇربان مەمەتوفنى شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇتۇپ، بىزنىڭ باتالىيونغا كوماندىر قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە 1 - روتىنىڭ ئىلگىرىكى كوماندىرى ھېسامىدىن مۇقىتىمۇ كەپتۇ. باتالىيون كوماندىرى ھەسەن تۇردى ۋەزىپىنى قۇربان مەمەتوفقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ئىككى ئايالىنى ئېلىپ، يېڭى خىزمەت ئورنى — ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا كەتتى. مەنمۇ 1 - روتىنى ھېسامىدىن مۇقىتقا ئۆتكۈزۈپ بەردىم. مەن قەشقەردە بۇ روتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا ھەر بىر ئەسكەردە بىردىن مىلتىق، ئوق بار ئىدى. يېڭى كەلگەنلەرگە قورال - ياراقلىرىمىزنى بۇيرۇق بويىچە قاراشەھەردىكى 20 - ئاتلىق پولكقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىمىزنى ئەسكەرتىپ قويدۇق. ئاندىن مەن باتالىيون شتابىغا بېرىپ، ئىلگىرىكى سەنمۇلۇق ۋەزىپەمنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئابلىز بوتايوف (غۇلجىلىق، ساۋاقداش) سەنمۇلۇق ۋەزىپىسىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى 2 - روتىغا كوماندىر بولدى.

قۇربان مەمەتوف ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ بىر ھەپتە بولار - بولمايلا «ھەربىي ئورۇنغا پۇقرالارنىڭ كىرىشكە نېمە ھەققى بار؟ كىرمىسۇن» دەپ خەلق بىلەن بولغان يېقىن دوستلۇقىمىزنى ئۈزۈپ قويدى.

قۇربان ھەربىي كۇرستا شىڭ شىسەينىڭ ئادەم جازالاش ئۇسۇللىرىنى خېلى ئۆگىنىپ كەلگەنىكەن. بۇ يەردە شۇ ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ئاقسۇلۇق مۇساجان ئىسىملىك بەنجاڭنى پۇتىغا كىشەن سېلىپ، ئات ئېغىلىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئۆيگە سولاپ، ئىشىككە قاراۋۇل قويدى. مۇساجان ھاكى قۇرباننىڭ پىلىموت روتىسىدا ئىدى. ئۇنىڭغا: قۇربان مەمەتوفنىڭ باتالىيونغا كېلىپلا قىلغان ئىشلىرىغا نارازى بولغان؛ ئەسكەرلەر ئارىسىدا شىڭ شىسەي بىگۇناھ ئادەملەرنى تۈرمىگە تاشلاپ ئازاپلىدى، ئىلغار، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنى «خائىن» دېگەن بەتنام بىلەن تۈرمىگە تاشلىدى ۋە ئۆلتۈردى؛ شىڭ شىسەي قۇربان يېڭجاڭنى ئۆزىگە ئوخشاش تەربىيىلەپتۇ. بىز خەلق ئارىسىدىن كەلگەن، خەلق بىلەن ئارىلىشىپ ئېھتىياج ئۆتسەك نېمە يامىنى بار . . . دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقان؛ شىڭ دۇبەن جانابلىرىغا تىل تەگكۈزگەن دېگەن گۇناھلارنى ئارتقانىدى. ئۇلار مۇساجاندىن ھېچقانداق سىر ئالالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق ئاقنىياز بەنجاڭنى مۇساجاندىن گەپ ئېلىش مەقسىتىدە، گۇناھكار قىياپىتىدە سولاپ قويدى. ئاقنىياز سولاققا كىرىپلا قۇربان يېڭجاڭنى تىللاشقا باشلىغان. مۇساجان ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قېلىپ، ئۈندىمەي تۇرۇۋالغان.

قۇربان مەمەتوف كورلىغا كېلىپلا، شتاپ ئالدىدىكى ئىمىن تاسمىچىنىڭ دۇكىنىدىن بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، ئىككى تىللىق قامچا بۇيرۇتۇپ، قامچىنى نەگە بارسا ئۆزى بىلەن تەڭ ئېلىپ يۈردى. رۇخسەت بىلەن كوچىغا چىققان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىمۇ ئۇچرىغان يەردە ئۇرۇپ،

ئۇلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئەسكەرلەر بىلەن ئالاقىدە بولغان خەلقنىڭمۇ دىلىغا ئازار بېرىپ، ئارمىيە ۋە خەلق ئىچىدە ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلدى.

8 - ئايلار مەزگىلى ئىدى، 3 - روتىدىن سىدىق ئابلا، 4 - روتىدىن ئەمەت ئېشەكچى دېگەن ئەسكەرلەر قېچىپ، يولتۇزنىڭ بايىنبۇلاق دېگەن يېرىگە بېرىۋالغانىكەن. ئۆمەر نىياز ئىككىمىز بېرىپ ئۇ ئىككىسىنى قايتۇرۇپ كەلدۇق. ئەتىسى قۇربان مەمەتوف بۇ ئىككەيلەننى ھويلىدىكى تۇۋرۇككە قولىقىدىن مىقلاپ، بىر سوتكا تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئىشمۇ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ۋە ئاممىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىۋەتتى.

## چاقىلىق - دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدىكى تاشيولنى ياساشقا ئاتلىنىش

1943 - يىلى بىزنىڭ قەشقەردىن چىققىنىمىزغا توپتوغرا بىر يىل بولغانىدى. بۇ جەرياندا ھەممىمىز ئائىلە، بالا - چاقىلىرىمىز بىلەن بىرگە بولالماي قاتتىق سورۇقچىلىق تارتتۇق. شۇ كۈنلەردە دۇبەن مەھكىمىسىدىن بىزنىڭ باتالىيونغا چاقىلىق - دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدىكى تاشيولنى خەلق بىلەن بىللە پۈتكۈزۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. كورلا - چاقىلىق تاشيولىنى ياسىغاندا «بەك يىراقكەن» دەپ قاقشىغان ئەسكەرلەرنىڭ بېشى تېخىمۇ قاتتى. 6 - باتالىيوننى يۆتكەش يەنە خەلقنىڭ بېشىغا چۈشتى. خەلق ئات - ھارۋىلىرىنى بىز چۈشكەن سارايلارغا ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. كورلا بىلەن چاقىلىق ئارىلىقىدا پوچتىكەشلەر تونەپ ئۆتىدىغان بىرەر يېرىم ئېغىز ئۆيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز چۈشكىدەك دەڭ - سارايلار يوق ئىدى. باتالىيون شتابى روتا كوماندىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قىسمنى يەنە بىر روتا، بىر روتىدىن تۆت كۈندىن ئارىلىق تاشلاپ ماڭدۇرۇشنى قارار قىلدۇق. ئەڭ ئاۋۋال 1 - روتا، ئۇنىڭ كەينىدىن 2-، 3- روتىلار، ئەڭ كەينىدە ھاكى قۇربانىنىڭ 4 - روتىسى ماڭىدىغان بولدى. مەن سەنمۇ بولغاچقا، ئۈچ ئالاقچى ئەسكەرنى ئېلىپ ھەممىدىن بالدۇر يۈرۈپ كەتتىم. مەن توختىماي ئىلگىرىلەپ، چاقىلىق ناھىيىسىگە يېتىپ بېرىپ، ھاكىمنى ئىزدىدىم. ھاكىم خەنزۇ، مۇئاۋىن ھاكىم قازاق ئىكەن، ھەربىيلەر تۇرىدىغان جاي كۆرسىتىپ بېرىش مەسىلىسىنى ئېيتقىنىمدا، ئۇلار مۇزاكىرىلىشىپ جاۋابىنى ئەتە بېرەيلى، دېدى. بىز سارايغا ئورۇنلىشىۋېلىپ ناھىيە بازىرىنى كۆردۇق. ناھىيە بازىرى كىچىك بولۇپ، ئۈچ ئاچا يولغا ئورۇنلاشقانىكەن. كورلىدىن كەلگەن يول بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا بىر قۇرۇلۇشقا تاقىشىدىكەن. بۇ يەر «T» شەكلىدە ئۈچ ئاچىغا بۆلۈنىدىكەن. ئوڭ تەرەپتىكىسى چەرچەن ۋە خوتەنگە بارىدىغان يول، سول تەرەپتىكىسى بىز بارىدىغان مىران (چاقىلىق) - دۇنخۇاڭ تاشيولى ئىكەن.

ئەتىسى ھاكىمنىڭ قېشىغا بارسام «ھازىرچە ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئورۇن يوق، ئۆيلەرنىڭمۇ تايىنى يوق بولۇۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن «سىلەر بىر ناھىيە تۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرالمىساڭلار بىز زېمىستان قىشتا قانداق قىلىمىز؟ ئۇنداق بولسا مەن باتالىيون نامىدىن دۇبەن مەھكىمىسىگە تېلېگرامما بېرىمەن» دېدىم. ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپلا «كەچقۇرۇن كېلىڭ» دېدى. كەچقۇرۇن كەلسەم يەنە «ئۆي ھەل قىلالمايۋاتىمىز» دەپ خۇپسەنلىك قىلدى. مەن «مەن ئەمدى سىلەرنى ئىزدىمەيمەن،

ئۈرۈمچىگە تېلېگراممىا بېرىمەن، ئەسكەرلەرنىڭ تۇرالغۇسى ھەل قىلىنماي تۇرۇپ، يەنە خەلق ئىشچىلىرى كەلسە، باشقۇرۇش قىيىن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چاتاق چىقسا مەسئۇلىيەتنى تەڭ تارتىمىز» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. كەچقۇرۇن ئۇلار «سىلەرنىڭ ئەسكىرىڭلار ھازىرچە يېڭىدىن سېلىنغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ناھىيىلىك پىرقە، ناھىيىلىك ساقچى گازارمىلىرىغا ئورۇنلاشسۇن» دېدى. بۇ ئۆيلەرگە تېخى ئەينەكمۇ سېلىنمىغانىكەن. بۇ ناھىيىدىمۇ ئاشلىق كەمچىل بولغانلىقتىن، بىزنىڭ تەمىناتىمىز كورلىدىن كارۋان ئارقىلىق يەتكۈزۈلۈپ تۇردى.

1940 - يىللىرى شىڭ شىسەينىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ، قۇمۇل، باركۆل، ئالتاي، گۇچۇڭ ۋە ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن تەرەپلىرىدىن چاقىلىققا كەلگەن قازاق چارۋىچىلاردا قورال بار ئىدى. ئۇلار چاقىلىق چۆمەن تېغىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانىكەن. ئۇلار مىڭ تۇتۇندىن ئارتۇق ئىدى. ئۇلار چاقىلىق بازىرىغا تۆگىلىك ۋە ئاتلىق كېلىپ ئاشلىق ئېلىپ كېتىدىكەن. بىزنىڭ باتالىيون چاقىلىققا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، چاقىلىقتىكى ئاتلىق 40 - پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى گوپېڭخۋا بىزنى قالقان قىلىپ، بىر قانچە ئەسكەر بىلەن چۆمەن تېغىغا چىقىپ، قازاقلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالماقچى بولدى. ئەمما، قازاقلار بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنىڭ قورال- ياراق، ئوق - دورا، كىيىم- كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك، ھەتتا مىنىدىغان ئاتلىرىغىچە تارتىۋېلىپ، ئۈچ كۈن باغلاپ قويۇپ، ئىككىنچى كەلمەسلىككە ۋەدە ئېلىپ قويۇپ بېرىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلار قازاقلار بار تاغقا قاراشقىمۇ پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى.

40 - پولكنىڭ كوماندىرى چىڭ تۇەنجاڭ بۇ ئەھۋاللارنى تېلېگراممىا ئارقىلىق شىڭ شىسەيگە مەلۇم قىلغانىكەن. شۇ سەۋەبلىك شىڭ شىسەي بىزنىڭ 6 - باتالىيوننى چۆمەن تېغىدىكى قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ، تاشيول ياساشنى توختىتىپ قويدى. ئىشلەمچى خەلقمۇ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى.

باتالىيونىمىز چاقىلىقتا توختىتىپ قويۇلغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە 3 - روتىنىڭ كوماندىرى غۇلجىلىق ئەيسا ئەمەت باتالىيون كوماندىرى قۇربان مەمەتوف بىلەن خېلى قاتتىق گەپ تالىشىپ قالدى. بىز ئۇلارنى ئاران تەسلىكتە ئاجرىتىۋالدۇق. بۇ ئىش بولۇپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ياتاقتا ئولتۇرسام ئەيسا ئەمەتنىڭ كاتۋىيى ئوبۇلقاسىم توختى مېنى چاقىرغىلى كەپتۇ. مەن بارسام ئەيسا ئەمەت تەييارلىق قىلىپ قويۇپ ئولتۇرغانىكەن. بىر دەم مۇڭداشتۇق. ئۇ «بىزنىڭ تەقدىرىمىز قانداق بولۇپ كېتەر، بۇرۇن بىز بىر ئاتلىق پولك ئىدۇق، ئەمدى قورالسىز بىر پىيادە باتالىيون بولۇپ قالدۇق. ئاساسىي كۈچىمىزمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. مىللىي قىسىمدىن بىزلا قالدۇق، قۇربان يېڭجاڭ كېلىپ بىزنىمۇ قەشقەردىكى ئاتلىق 35 - پولكتەك تارقىتىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ» دېدى. بىز ئىستىقبالىمىزدىن قايغۇرۇپ يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتۇق.

ئەتىسى بۇ قىلىشقان گەپلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قۇربان مەمەتوفنىڭ ئاغزىدىن ئۆز ئەينى چىقىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئەجەبلەنگىدەك ھېچيېرى يوق ئىدى، چۈنكى شۇ چاغدا ئۇ ھەممەيلەننى

بىر بىرىگە پايلاقچى قىلىنىۋەتكەنىدى.

بىز چاقىلىقتىن قايتىپ كورلىغا كېلىش ئالدىدا قۇربان مەمەتوف 3 - روتىنىڭ كوماندىرى كاپىتان ئەيسا ئەمەتنى ماڭا قارشى چىقتى، دېگەن باھانە بىلەن پۇتىغا كىشەن سېلىپ، ئۈرۈمچىگە يوللاپ بەردى. ئەيسا ئەمەت قولغا ئېلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن كورلىغا قايتىش تەييارلىقىنى قىلدۇق.

## تۇرپانغا قايتىش

1943 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاخشىمى باتالىيون كوماندىرى قۇربان مەمەتوف بارلىق ئەسكەرلەرنى يىغىپ «دۈبەن جانابلىرىنىڭ بىزنى يول ياساشتىن توختاپ، تۇرپانغا قايتىپ كەلسۇن، دېگەن بۇيرۇقى كەلدى» دەپ يەتكۈزدى. ئەسكەرلەر خۇشاللىقتىن شەپكىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ، چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. ئۇلار نېمىشقىمۇ خۇشال بولمىسۇن! ئۇلار تەكلىماكان چۆللىرىدە يول ياسايمىز دەپ كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆردى، ئاتا- ئانا، بالا - چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ ھىجران ئازابىدا ئۆرتەندى، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ كۆرەلمىدى، بەزى ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلىرى چۆللەردە قالدى. تۇرسۇن مامۇت دېگەن جەڭچىنىڭ جەستى تەكلىماكان قۇملۇقىدا قالدى. توخنىياز بەنجاڭدەك تەمبەل كىشىلەر مېيىپ بولۇپ قالدى.

قايتىش بۇيرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، قۇربان مەمەتوف ئىككىمىز ھاكىم ئىدارىسىغا بېرىپ، قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى سورىدۇق. ئۇلار «چاقىلىقتا سىلەرنى يۆتكىگىدەك قاتناش يوق، كورلا، قاراشەھەرلەردىن ئاشلىق يۆتكەپ كەلگەن ھارۋىلار بىلەن يۆتكەشنى ئويلىشىۋاتىمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

بىز شىتابقا قايتىپ كېلىپ، نېمە تېپىلسا شۇنىڭ بىلەن قايتماقچى بولدۇق. بىز مېڭىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى قۇربان مەمەتوف مېنى چاقىرىپ: «3 - روتىنى قوشۇمچە باشقۇرۇپ كورلىغا ئېلىپ مېڭىڭ، سىز بىرىنچى بولۇپ يولغا چىقىسىز، كورلىدا باتالىيون ئورۇنلاشىدىغان يەرنى تەييارلايسىز» دەپ ۋەزىپە تاپشۇردى. مېنى 3 - روتىغا ئېلىپ بېرىپ تونۇشتۇردى ئاندىن ئۇلارغا«مۇندىن كېيىن قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلارنى قىلماي يۈرۈڭلار، بولمىسا ئەيسا ئەمەتكە ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىسىلەر» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

مەن ھاكىم ئىدارىسىغا تولا بېرىپ تۇرغاچقا، كۆچالىق مەمەت نىياز قارى دېگەن كارۋان بېشى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. بۇ چاغدا ناھىيە كارۋان باشلىقلىرىنى يىغىپ ئاشلىقنى مىرانغا ئېلىپ بېرىشقا زورلاۋاتقانىكەن. مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «بىز ئۆزلىرىنى كورلىغا ئېلىپ كېتەيلى دەۋاتىمىز، قانداق دەيلا؟ » دېسەم ئۇ كىشى «ۋاي بولىدۇ ئۇكام، سىلى بىزنى مۇشۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسىلا، يەنە بىر ھەمراھىمىزنىڭمۇ 20 تۆگىسى بار، ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىشكە ياردەم قىلسىلا، جەڭچى باللارنى پىيادە قويماي كورلىغا ساق - سالامەت ئېلىپ كېتەتتۇق» دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ كىشىنىڭ 55 تۆگىسى بار ئىكەن، بىز بىر تۆگىگە ئىككىدىن مىنىپ ماڭىدىغان بولدۇق. 2 - دېكابىر تاماقنى يەپلا يولغا چىقتۇق. كارۋان بېشى ماڭا خېچىرغا ئوخشاش چوڭ ئېشەكتىن بىرنى بەردى. يولدا ئۆلگەن ئېشەك، ئات، كالا، تۆگە ۋە سۇنۇپ كېرەكتىن چىققان ھارۋىلار ئۇچرىدى. ھارۋىلارنىڭ يېنىدا ئاشلىق، ئۇن، پۇرچاقلار

چېچىلىپ ياتاتتى. ئۆلگەن هايۋانىڭ كۆپلۈكى بىزنى هەيران قالدۇردى. تېخىمۇ ئېچىنىشلىق يېرى جەسەتلەر يول بويىغا چامغۇرنى كۆمگەندەك كۆمۈپ قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ كىم، نېمە ئادەم ۋە نېمە سەۋەبتىن ئۆلگەنلەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. چاقىلىقتا قاراشلىق تىكەنلىك دېگەن يەرگە ئىككى كىلومېتىردەك قالغان يەرگە بىر جەسەتنى كۆمۈپ قويۇپتۇ، ئۆلگۈچىنىڭ بېشىغا هاسا تاياقنى سانچىپ، ئۇنىڭغا يەنە كىرلىشىپ كەتكەن ئاق بەلۋاغنى چىگىپ قويۇپتۇ. هاسا تاياققا ئېسىلغان ئاناردەك قىزارغان ناسۋال قاپاق شامالدا پۇلاڭلاپ تۇراتتى. ئاق تۇمىقىنى تاش بىلەن باستۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن بىز ئۆلگۈچىنىڭ ياشانغان بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى هېس قىلدۇق. تىكەنلىككە كېلىپ تاماق تەييار بولغىچە، مەهەللە ئارىلاپ بىر بوۋاينى تېپىپ، قەبرىدىكى هېلىقى كىشىنىڭ نېمە ئادەملىكىنى سورىدۇق. بوۋاي بىزگە قەبرىدىكى كىشىنىڭ كورلىدىن بەش ئېشىكى بىلەن ئالۋانغا تۇتۇلۇپ، چاقىلىققا ئاشلىق ئېلىپ ماڭغان ئادەم ئىكەنلىكى، يولدا بىر ئېشىكى ئۆلۈپ، بىر تاغار ئاشلىق زىيادە بولۇپ قالغاچقا، ئامالسىز بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالغانلىقى، ئاخىرىدا يەيدىغان ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ ئۆلۈپ قالغانلىقى، قالغان تۆت ئېشىكىنىمۇ باشقىلارنىڭ هەيدەپ كېتىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

بىز بەش كۈن يول يۈرۈپ كورلىغا مىڭبىر تەسلىكتە كېلىۋالدۇق. مەن هاكىم ئىدارىسىغا بېرىپ، باتالىيون چۈشىدىغانغا ئورۇن سورىغانىدىم، بىز ئىلگىرى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ ، ياخشى تەسىر قالدۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، تېزلا ئورۇن كۆرسىتىپ بەردى. بىز تازىلىق قىلىپ دەم ئېلىپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدا قالغان روتىلارمۇ كەينى - كەينىدىن يېتىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى.

كورلىدا يېرىم ئايدەك تۇرۇپ، شەخسىي ۋە هۆكۈمەت هېساباتلىرىنى تۈگىتىپ، بالا - چاقىلىرىمىزنى ئېلىپ تۇرپانغا بېرىپ ئورۇنلاشتۇق. بۇ يەردە 6 - باتالىيون يەنە قىسقارتىلىپ، ئۇرۇش كۆرگەن، تەجرىبىلىك ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى قىسىمدىن بوشىتىلدى، بەزىلىرى ئۇرۇمچى لومەنچېڭدىكى پىيادە دىۋىزىيىگە قوشۇۋېتىلدى. ئاز بىر قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا تەقسىم قىلىندى. شىڭ شىسەي قالغان ئاز بىر قىسىم ئەسكەرنى 8-، 9 - روتا قىلىپ تەشكىللەپ، ئوسمان باندىتقا قارشى سېلىش ئۈچۈن ئالتاي فرونتىغا ئەۋەتتى.

كورلا - چاقىلىق يولىنى ياسىغانلىقىمىزغا 40 يىل بولغاندا، يەنى 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەخسۇت ئاكا رەهبەرلىكىدە بىر گۇرۇپپا تەشكىللىنىپ، كادىر ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى ئېلىپ، كورلا- چاقىلىق - چەرچەن - خوتەن - قەشقەر ئارىلىقىدىكى تاشيول ترانسپورت ئەهۋالىنى تەكشۈرۈشكە باردۇق. بىز ماڭغان تاشيول بىز ئەينى زاماندا ياسىغان تاشيول ئەمەس ئىدى. بۇ يول تەكلىماكاننىڭ شەرقىي چېتىدىن ياسالغان ئىكەن. بىز ئەينى چاغدا كۆرگەن دەريا سۇلىرى قۇرۇپ كېتىپتۇ، پايانسىز قويۇق توغراقلىق ۋە بوستانلىقلارمۇ بوز يەر ئېچىش سەۋەبىدىن قۇرۇپ كېچىكلەپ ئەينى ۋاقىتىدىكى هالىتىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت جۈبەيرى

# تۇڭگان 36 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى

(ياقۇپ بوۋاي تىلىدىن)

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

مېنىڭ تېگىم يەكەنلىك بولۇپ، ئۆمرۈم يامۇلدا يايلىق خىزمىتى بىلەن ئۆتكەن، مېنىڭ بىر قىزىم خوتەنگە ياتلىق قىلىنغاچقا خوتەنگە بىر نەچچە قېتىم بارغانمەن، شۇڭا خوتەن يوللىرى ماڭا تونۇش بولۇپ قالغان.

9 - ئاي كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يەكەن تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى، ئۇلار يەكەندە ئازلا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەر تەرەپتىكى تۇڭگانلارمۇ قېچىپ كېلىپ، ئۇلغىيىپ ھەممىسى يەكەننى تاشلاپ خوتەن تەرەپكە قاچتى.

ئۇلار كېتىپ بىر كېچىدىلا رۇس ئەسكەرلىرى پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇلار نۇرغۇن تانكا، ئاپتوموبىل، ماشىنىلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلارغا يول باشلايدىغان ئادەم لازىم بولغاچقا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېنى تەيىنلەپتۇ. ئۇلارنىڭ كوماندىرى ماڭا پۇل بەردى، مەن بالا-چاقىلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارغا يول باشلاپ ماڭدىم. ئۇلار مېنى تانكىغا چىقىرىۋالدى. مەن ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان نەرسىگە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرىنى تاماشا قىلىپ ماڭدىم. بىز يەكەن دەرياسىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە تۇڭگانلار دەريا بويلاپ ئىستىھكام قۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئۇچرىدۇق. ئىككىلا تەرەپ مىلتىق، پىلىموت، توپلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ بىر بىرى بىلەن قاتتىق تۇتۇشتى، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقنىڭ تۇتەكلىرى يورۇق كۈننى خىرەلەشتۈرگەنىدى. ئوق ئاۋازى ئالەمنى بىر ئالغانىدى. ئىككىلا تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى تىركىشىشتىن قول ئۈزمىدى. سوقۇش بىر نەچچە سائەت داۋام قىلدى، تۇڭگانلارمۇ بوش كەلمىدى.

ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلالمىغان رۇسلار تانكىلىرىنى ئىشقا سالدى، ئارقىدىنلا ھاۋادا ئايروپىلان پەيدا بولدى. رۇسلار تانكا ۋە ئايروپىلانلار بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ تۇڭگانلارنى شىددەتلىك ئوققا تۇتتى. مۇنداق شىددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن تۇڭگان قىسىملىرى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن بۇ چېكىنىش ناھايىتى پاجىئەلىك بولدى. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن تۇڭگان ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى ياۋىداق مىنىپ، ئۆزلىرىنى دەرياغا ئاتتى. ئاتلار دولقۇن يېرىپ سۇ ئۈزەتتى، ئات ئۈستىدىكىلەر بولسا قىرغاققا تېزراق يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى ئالدىرىتاتتى.

لېكىن دەريا لېۋىگە باستۇرۇپ كەلگەن تانكا قىرغاقتا تۇرۇپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى، ھاۋادا بولسا ئايروپىلان پەس ئۇچۇپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇراتتى. تاشلانغان بومبا دەريا سۈيىنى قىيقىزىل قانغا بويىغانىدى.

قارشىلىق كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغان تۇڭگان ئەسكەرلەر ئوچۇقچە-لىقتا جان تالىشاتتى. ياغدۇرۇلغان ئوق يامغۇرى سەل بولۇپ، ئۇلارنى ئېقىتىشقاباشلىدى، قايسى بىرى ئاتتىن موللاق ئاتسا، قايسى بىرى ئېتىغا ئوق تېگىپ سۇغا غەرق بولاتتى. دەريا ئىچىدە قىيامەت قايىم بولغان ئىدىكى، دادا بالىغا، بالا دادىسىغا قاراشقا ئىمكان يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريا سۈيى ئۇلۇغ بولغاچقا، ئاتلارنى موللاق ئاتقۇزۇپ ئادەملەرنى سۇنىڭ ئاستىغا تارتىپ كېتەتتى. ئاساسىي كۈچىدىن ئايرىلىپ ئۇ قاتقا سالامەت ئۆتكەن ئازغىنە تۇڭگان قوشۇنى خوتەن تەرەپكە داۋاملىق چېكىنىشكە باشلىدى.

رۇس قوشۇنى ئۇلارنى قوغلاپ قاغىلىق بىلەن گۇما ئوتتۇرىسىدىكى چۆلاقنىڭ سېپىدا ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. 2 - قېتىملىق توقۇنۇش مۇشۇ سايدا يۈز بەردى. تۇڭگانلار ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتتى، رۇس قوشۇنلىرىدىن خېلىلا چىقىم بولدى، ھاۋا ھۇجۇمى باشلانغاندىن كېيىن تۇڭگانلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

3 - قېتىملىق توقۇنۇش خوتەننىڭ پىيالما دېگەن يېرىدە بولدى، تۇڭگانلار ئۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىنى ئالدىغا سېلىۋېلىپ، ئۇلارنى دالدا قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەم ھالاك بولغان بولسىمۇ، لېكىن كەسكىن ئىبلىششلاردىن كېيىن تۇڭگانلار يەنە چېكىنىشكە باشلىدى.

4 - قېتىملىق توقۇنۇش خوتەنگە يېقىن «چۇدا» دېگەن جايدا بولدى. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى ئېگىز قۇم دۆۋىلىرى بىلەن ئورالغان ھاۋالىق پەس جاي ئىدى. تۇڭگانلار بۇ يەردە ياشايدىغان 1500دەك ئاھالىنى بۇ يەرگە سولاپ ئۆزلىرىمۇ بۇ جايغا ئورۇنلىشىۋالدى. باستۇرۇپ كەلگەنلەرنى ئوقتا تۇتۇپ يېقىن كەلتۈرمىدى. ئايروپىلانلار يەرلىك ئاھالىنى ئاياپ ھۇجۇم قىلالمىدى. نەتىجىدە بۇ ئۇرۇش بىر نەچچە كۈنگە سوزۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇڭگانلار لەخمە كولاپ چىقىپ كېچىلىرى رۇسلارنى جىق تالاپەتكە ئۇچراتتى ھەتتا قوراللىرىنى بۇلاپ كەتتى. ئاھالىنى تۆپىلىككە چىقىرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋېلىپ رۇسلارنى ھۇجۇم قوزغاشقا ئامالسىز قىلىپ قويدى.

بۇ ھالەت شۇ خىلدا 15كۈندەك داۋاملاش-تى. ئامال بولمىغاندا رۇسلار تانكىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قورغانچىغا باستۇرۇپ كىردى، تۇڭگانلار ئىلاجىسىز چېكىندى. قورغانچا رۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، كىشىلەر ئىنتايىن دەھشەتلىك بىر مەنزىرىنى كۆرگەندى: تۇڭگانلار يەرلىك خەلقتىن 20دەك ئادەمنى تۈۋرۈكلەرگە باغلاپ ، تىرىك تۇرغۇزۇپ قارنىنى يېرىۋەتكەندى، ئۈچەي - باغرى ساڭگىلاپ قالغاندى. يۈزدەك ئادەم ئېتىپ تاشلانغاندى. يەنە 30دەك ئادەمنى باغلاپ قورسىقىغا قوزۇق تىقىپ تامغا مىخلاپ قويغاچقا، شۇ پېتى ئۆلۈپ قالغاندى. بۇ كىشىلەر تۇڭگانلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتقان كىشىلەر بولۇپ، ئومۇمەن «رۇسلاردىن پاناھ تىلىگەن» دېگەن جىنايەت بىلەن مۇشۇنداق

قاباھەتلىك ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

رۇس قوشۇنلىرى تۇڭگانلارغا ئارام بەرمەي قوغلىدى، ئۇلارغا خوتەندە يېتىشىۋالدى. تۇڭگانلار خوتەن يېڭى شەھىرىگە كىرىۋېلىپ، ئۇ يەردىكى ھەربىي گوزەرنىڭ ئېگىز سېپىللىرىنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ مۇداپىئەگە كىرىشتى. بۇ يەردىمۇ نۇرغۇن خەلقنى سېپىل ئىچىگە سولىۋالغانىدى. لېكىن تانكا، ئايروپىلانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان تۇڭگانلارنىڭ روھى چۈشۈپ، پۇقراچە كىيىنىپ ئارقا تەرەپتىن قېچىپ چىقتى، بىراق رۇسلار ئۇلارنى تۇتۇۋالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي سېپىل ئىچىدىكىلەرمۇ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار قورال تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار، ئوفىتسېرلار بىلەن جەڭچىلەر ئايرىۋېلىندى، جىنايىتى ئېغىر ئوفىتسېرلار سىم بىلەن باغلىنىپ، توك سايمىنى ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلدى. قويۇپ بېرىشكە تېگىشلىكلىرى يول راسخوتى بېرىلىپ يۇرتىغا قايتۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەن تۇڭگان 36 ـ دىۋىزىيىسى خوتەننىڭ دەشت ـ چۆللۈكلىرىدە روس ئارمىيىسىنىڭ تانكا، ئايروپىلان، بىرونېۋىكلىرىنىڭ زەربىسىدە ۋەيران بولدى.

خوتەن يولىدىكى قۇم ئۇستىدە ئىككى خىل بەلگە كۆزگە چېلىقىدۇ. بىر خىلى تىك قاداپ قويۇلغان بادرا بولۇپ، بۇلار تۇڭگان قوشۇنىدىن ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ بەلگىلىرىدۇر.

يەنە بىر خىلى قادالغان موما ياغاچقا ئېسىپ قويۇلغان قوشقار مۈڭگۈزى ۋە چىگىپ قويۇلغان خوراز پەيلىرى بولۇپ، بۇلار ئۇرۇشتا ئۆلگەن ياكى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن يەرلىك خەلقنىڭ قەبرە بەلگىسىدۇر.

بۇ جايدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بۇ ئىككى خىل بەلگىنى كۆرگەندە دۇئا قىلىپ ئۆتىدۇ.

مانا مۇشۇ ئىككى خىل بەلگە ئاستىدا ياتقانلار دىنداش ۋە ۋەتەنداش بولسىمۇ لېكىن، ئىتتىپاقسىزلىق تۈپەيلى ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ ئاقىۋەتتە ھەر ئىككى تەرەپ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانىدى.

ياقۇپ بوۋاي سۆزلەپ بەرگەن بۇ ۋەقە ئەسلىدە 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇپ، 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ پەيزىۋاتتا تۇرۇشلۇق تۇڭگان ماشىڭكۇي بىرىگادىسى ماخۇسەندىن يۈز ئۆرۈپ، شېڭ شىسەي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەچكە، ماخۇسەن 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن. ماخۇسەن ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قەشقەرنى تاشلاپ خوتەنگە قاچقان. ئۇنىڭ قوشۇنى تۆت خىل قوشۇننىڭ زەربىسى ئاستىدا قالغان. بىرىنچىسى، مارالبېشىدىن بېسىپ كەلگەن روس ئارمىيىسى، ئىككىنچىسى قەشقەردىن قوغلاپ كەلگەن 38ـ ۋە 40 ـ پولكلاردىكى خەنزۇ ئەسكەرلەر. ئۈچىنچىسى، 31 ـ پولك تەركىبىدىكى ئەخمەت ليەنجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر روتا ئۇيغۇر ئەسكىرى. تۆتىنچىسى ماشىڭكۇينىڭ بىر بىرىگادا تۇڭگان ئەسكىرى. ماخۇسەننىڭ 36 ـ دىۋىزىيىسى مانا مۇشۇ تۆت خىل قوشۇن بىلەن ئېلىشىپ ئەيسۇ ئەيسۇردا ... ئالمايسەن

ماخۇسەننىڭ 36 ـ دىۋىزىيىسى مانا مۇشۇ تۆت خىل قوشۇن بىلەن يېڭىساردا تۇتۇشقاندىن كېيىن، يېڭىلىپ يەكەنگە چېكىنگەن. ماخۇسەننىڭ قوشۇنى خوتەن چۆللىرىدە يوقىتىلغاندىن كېيىن، ماشىڭكۇي قىسملىرىمۇ يىغىشتۇرۇپ تاشلاندى.

بۇ ۋەقەنى 1940 ـ يىلى يەكەنلىك ياقۇپ ئاتلىق بىر بوۋاي خوتەندىن مەپە بىلەن قايتىپ كېلىۋېتىپ، سەپەردىشى — دوختۇر مامۇت ئەمەتكە سۆزلەپ بەرگەنىكەن، مەن بۇنى 1970 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇن كۈنى مامۇت خان ئاغزىدىن خاتىرىلەپ ئالدىم.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# ئاپتوموبىل بىلەن مۇسابىقىلەشكەن ئادەم

مامۇت غازى

(ئاپتونوم رايونلۇق يېزائىگىلىك بانكىسى ياشانغانلار باشقارمىسىدىن)

شاتۇر دېگەن نام كىچىك چاغلىرىمدا قەشقەر، يەكەن خەلقى ئارىسىدا دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان مەشھۇر نام ئىدى. 1934 - يىلى 3 - ئايدا يەرلىك ئەمەلدارلار 25 ناۋاي ئۈستىنى يېڭىساردىكى ئەمىر ساھىب پارتىزانلىرىغا بىر ئاي نان يېقىپ بېرىشكە ئاقتۇ چارشەنبە بازارغا يىغىپ، دادام ھاجى ئاخۇن ئوغلى مۇلە غازىنى قولىغا قازى ۋە پاششاپ بەگنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان خەتنى تۇتقۇزۇپ يېڭىسارغا ئەۋەتكەنىدى. 25 كۈنگىچە دادامدىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمىدى. چارشەنبە بازار كۈنى يېڭىساردىن بازارغا كەلگەن سودىگەرلەردىن ئەھۋال ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن ئۈچ كىشى بازارغا بارغاندۇق. بىز ئۈچەيلەن پاششاپنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كەلگەندە بىر توپ ئادەمنىڭ «شاتۇر كەپتۇ» دەپ شەرقىي كوچا تەرەپكە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ مەنمۇ قوشۇلۇپ بارسام، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بويى پاكار، جۇغى كىچىك، بېشىغا يۇڭدىن توقۇلغان قىزىل دوپپا، ئۈچىسىغا قىزىل چەكمەن چاپان، پۇتىغا چورۇق كىيىپ، بېلىگە سىرىق پىستانلىق كەمەر باغلاپ، كۆلرەڭ خالتا ئېسىۋالغان شاتۇر دېگەن كىشى ئۆرە تۇرۇپتۇ. ئۇ چاغدىكى بازارنىڭ كوچىلىرى تار، تۈپىسى يېپيىقلىق بولغاچقا، ئۇنى كۆرگىلى كەلگەن كىشىلەر كوچىغا تىقىلىپ قېلىپ، ئۇنى ماڭدۇرمىدى. تۇداق تۇەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ۋاقىراپ يۈرۈپ يولنى ئېچىۋىدى، شاتۇر قەشقەر يولىغا چۈشۈپ يۈگۈرگىنىچە كۆزدىن غايىپ بولدى.

1951 - يىلى ئۆلكىلىك بانكىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا ئۈرۈمچى بانكا مەكتىۋىگە ئۆگىنىشكە كەلگەن يەكەن ۋىلايەتلىك بانكىنىڭ كادىرى ئىبراھىمجاندىن شاتۇرنىڭ يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە خەۋەرچى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئۇققانىدىم. 1953 - يىلى 1 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە شاتۇر قۇتۇبىدىن چوڭ ئاپتوموبىل بىلەن مۇسابىقىلىشىپ بىيىمىندىكى تەنتەربىيە مەيدانىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقالدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەكشەنبە كۈنى ئەتتىگەندە ئايالىم بىلەن مال بازىرىغا كېتىپ بارساق، سەنشىخاڭزىدىكى باققال مەشۇق ھاجىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا ئادەملەر يىغىلىپ، ئەينەكتىن دۇكان ئىچىگە قاراپ تۇرۇپتۇ. مەنمۇ قىزىقىپ ئادەملەرنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرسام مەشۇق ھاجى چىقىپ، مېنى دۇكانغا باشلاپ كىردى. دۇكاندا يەكەنلىك شايىپ قارى ھاجىم (يەكەن ۋىلايىتىنىڭ

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى سابىق مۇئاۋىن ۋالىيسى) بىلەن مال بازىرىدا يايما ئاچىدىغان سوپاخۇن ئاكا ئورۇندۇقتا، يەكەن مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن كەلگەن ئىككى كىشى كارىۋاتتا ئولتۇرغانىكەن. كارىۋاتنىڭ ئالدىدا ئۇچىسىغا قىزىل چەكمەن چاپان، بېشىغا سالۋاي تېرە تۇماق، شاتىۋا ئىشتان، پۇتىغا چورۇق كىيگەن، بويى پاكار، جۇغى كىچىك، ساقال-بۇرۇتلىرى ئاقارغان بىر كىشى خۇددى يۈگۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقان تەنھەرىكەتچىدەك ئىككى پۇتىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كوچا تەرەپكە قاراپ ئۆرە تۇراتتى. مەن بىر قاراپلا بۇ ئادەمنىڭ 19 يىل بۇرۇن كۆرگەن شاتۇر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. شايىپ قارى ھاجى مېنى شاتۇرغا قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، مەن شاتۇردىن:

— مەن ئادەمنىڭ ئاپتوموبىل بىلەن مۇسابىقىلەشكەنلىكىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچى بىلەن قۇتۇبىنىڭ ئارىلىقى 80 كىلومېتىردەك كېلىدىغان تۇرسا سىز بۇنىڭغا قانداق جۈرئەت قىلىپ قالدىڭىز، دېسەم، شاتۇر:

— مەن ئىلگىرى ماناس، قۇتۇبى تەرەپلەرگە بېرىپ باقمىغان، باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ يول ئارىلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ماناستىن ئۈرۈمچىگە مۇسابىقىلە-شىشنى تەلەپ قىلغاندىم. ئەمما بۇ خىزمەتكە مەسئۇل كادىرلار «سىز ياشىنىپ قالدىڭىز، ئارىلىق يىراق، يول ئېگىز - پەس، راستىنلا مۇسابىلىشمەن دەپ تۇرۇۋالسىڭىز سانجىدىن ئۈرۈمچىگىچە مۇسابىقىلىشىپ تەلەي سىناپ بېقىڭ» دېدى. مەن ئاخىرى يەنىلا قۇتۇبىدىن سائەت 2 دە ئاتلىنىپ، سائەت 4 تە بېيىمىندىكى تەنتەربىيە مەيدانىغا يېتىپ كېلىدىغانغا كېلىشتىم. ماشىنىنىڭ مېڭىش سۈرئىتىنى بېكىتىپ نازارەت قىلىشقا بىر ئادەم قويۇلدى. مۇسابىقە باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ئۆز ماھارىتىمنى ئىشقا سېلىپ، ماشىنىنى ئارقامدا تاشلاپ كېتىپ باراتتىم، شەھىرى دۆڭ دېگەن يەرگە كەلگەندە بەش ئىتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، قۇتۇلالماي جىق ۋاقتىم كەتتى. مەن ئىتلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇپ دۈۋپۇغا كەلگەندە ماشىنىغا يېتىشىۋالدىم. مەن ئەسلىدە ئىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا ماشىنا سانجىغا بېرىپ بولغاندۇ، دەپ قىياس قىلغانىدىم. مەن ئاخىرى يەنىلا ماشىنىدىن 20 مىنۇت بالدۇر نىشانغا يېتىپ كېلىپ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدۇم.

مەن يەنە شاتۇردىن:

— سىزنىڭ ئەل ئارىسىدا شاتۇر، ئۇچار تۇلپار، قاناتلىق ئات دېگەندەك نامىلىرىڭىز بار ئىكەن، بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرەلەمسىز؟ -دەپ كوچىلاپ سورىدىم.

— مەن ئافغانىستاننىڭ قەندىھار شەھىرىدە تۇغۇلغان - دەپ سۆزىنى باشلىدى شاتۇر — ئىسمىم سېيىت جامالىدىنخان، بۇ يىل 71 ياشقا كىردىم. سىزمۇ ئاڭلىغان بولسىڭىز كېرەك، ئافغانىستان تاغلىق، ئېدىرلىق جايلار كۆپ مەملىكەت. شۇڭا ئافغانىستانلىق-لاردا ئوغۇل بالا تۇغۇلۇپ يەتتە ياشقا تولغاندا تېز يۈگۈرۈش ۋە ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشنى ئۆگىتىدىغان ئادەت بار. مەنمۇ يەتتە ياشىمدىن تارتىپ 17 ياشىمغىچە تېز يۈگۈرۈشنى مەشىق قىلغان. مۇنداق كىشىلەر بىر ئۆمۈر ئىزچىل ئەتتىگەندە ئىككى سائەت يۈگۈرۈپ بەدەن چېنىقتۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن سۈت ۋە تۇخۇمدا ناشتا قىلىشنى ئادەت قىلىش كېرەك. مانا

بۇگۈن مەنمۇ ھېچنەرسە يېمىدىم. يۇگۈرۈش ۋەزىپەمنى ئورۇنداپ بولۇپ، ئاندىن سۈت - تۇخۇم ئىچىمەن. سىز دېگەن نامىلارنى ماڭا قەشقەر ۋە يەركەندىكى ئاما مېنىڭ سائىتىگە 40كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن قەشقەر بىلەن يەركەن ئارىلىقىدىكى 200 كىلومېتىرلىق مۇساپىنى يېرىم كۈندە بېسىپ قەشقەرگە بېرىپ، كەچ كىرگىچە يەنە يەركەنگە قايتىپ كېلىدىغان ماھارىتىمگە قارىتا قويۇپ قويغان.

— سىز 1934 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاقتۇ چارشەنبە بازارغا كەلگەندە، مەن ئاممىنىڭ سىزنى ئورىۋېلىپ ماختىۇرمىغانلىقى ۋە تۇداق تۇەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ يولنى ئېچىپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەندىم. شۇ چاغدا سىز نەگە ماڭغانتىڭىز؟

— ئۇ چاغدا يەكەندە تۇرۇۋاتقان خوتەن ئىنقىلابچىلىرىدىن شامەنسۇرنىڭ ئىنىسى نۇر ئەخمەتخان يېڭىسارىدا چولاق زىخۇي باشچىلىقىدىكى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ تۇڭگان قىسىملىرىنىڭ يەكەنگە مېڭىش يولىنى توساپ ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. بىر چارشەنبە كۈنى شامەنسۇر مېنى يېنىغا چاقىرىپ، بىر پارچە خەت بىلەن يول خىراجىتىنى قولۇمغا بېرىپ: — بۇ خەتنى باتۇر غازى ئىنىم نۇرئەخمەتخانغا بېرىپ، خەتنىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىپ كېلىڭ، ئاندىن بىز يېڭىسارىغا ئاتلىنىمىز — دېدى. مەن خەتنى قولۇمغا ئېلىپ 150 كىلومېتىرلىق مۇساپىنى ئۇچقاندەك بېسىپ، يا كۆۋرۈككە بارغاندا شەھەردە ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قاراق يولىغا كىرمەي قاراباشنى ئايلىنىپ، شىمال تەرەپكە بۇرۇلۇپ ماڭسىم يولى ئارقىلىق يېڭىسار يېڭىشەھەرگە يېتىپ كېلىپ خەتنى ئەمىر ساھىبقا تاپشۇردۇم. ئۇ كىشى خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ: — بۇ خەتنى مەخمۇت سىجاڭنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ قولىغا تاپشۇرۇڭ ھەم خەتنىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىپ كېلىڭ، مەن سىزنى ئاندىن يەكەنگە يولغا سالاي — دېدى. شۇڭا مەن 30 كىلومېتىر يولنى يۈگۈرۈپ بېسىپ ئاقتۇغا كېلىپ، ئاندىن قەشقەرگە ماڭغان ۋاقتىم ئىدى. ئەگەردە ئاقتۇدا توختاپ قالسام كەچ كىرگىچە قەشقەرگە كىرىپ بولالمايتتىم. شۇڭا ئالدىراش مېڭىپ كەتتىم.

— شاتۇر ئاكا، سىز 1933 - يىللاردىكى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تىرىك شاھىدى. شۇ چاغدا كۆرگەن مۇھىمراق ئىشلىرىڭىز قايسىلار؟ - دەپ سورىسام شاتۇر:

— ئەپەندىم سىز گەپ كوچىلاشقا ئۇستىكەنسىز، مېنىڭ كېتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۈزۈلدۈرمەي سوئال سورىغىلى تۇردىڭىز، سىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىمنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن بىلگىنىمچە دەپ بېرەي، يەنە سوئال سوراپ مېنى گاڭگاڭ قىلماڭ — دېدى.

1937 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ماخۇسەن خوتەندىن يەكەنگە يېڭىلا قايتىپ كەلگەن ۋاقتى ئىدى. بۇ چاغ شىڭ شىسەينىڭ مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ماخۇسەننى يوقىتىشقا تازا جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. بىر كۈنى ماخۇسەن مېنى تېپىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەنىكەن. ئىشخانىسىغا كىرسەم، ماخۇسەن ھەربىي فورما كىيىپ مېڭىپ يۈرگەنىكەن، مېنى كۆرۈپ يېنىدىكى ئىككى ئەسكەرنى چىقىرىۋېتىپ، — بىر سائەتتە 40

كىلومېتىر يول ماڭىدىغان شاتۇر سەنمۇ؟ — ، دەپ سورىدى. ئاندىن لىپاپىلىق خەتنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، — بۇگۈن 4 - ئايغا تۆرت، ئەگەر بۇ خەت بىر كۈن كېچىكسە، مەھمۇت مۇھەتتىنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ. سەن بۇ خەتنى ئەتىدىن قالدۇرماي ئۈنىڭغا يەتكۈزۈپ جاۋابىنى ئېلىپ كەل، سېنىڭ ماڭغىنىڭنى ھېچكىم كۆرمىسۇن، ئەسكەرلەر سېنى ماشىنا بىلەن شەھەردىن چىقىرىپ قويىدۇ، يولدا ئىشپىيونلاردىن پەخەس بولغىن، — دېدى. مەن شەھەردىن چىقىپ ماشىنىدىن چۈشكەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. يۈگۈرۈپ كېتىپ بارسام كەينىمدىن ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. شېك شىسەي ئەۋەتكەن تەپتىش ئۆمىكىنىڭ ماشىنىسى بولۇپ قالمىسۇن ، دەپ گۇمان قىلىپ، چوڭ يولدىن شىمالغا بۇرۇلۇپ ئارقامغا قارىماي سۈرئىتىمنى تېخىمۇ تېزلەتتىم. ئۇلار ماشىنىسىنى ئىشقا سالالماي ماڭا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئاتتى. بىراق مەن قاراڭغۇ كېچە بولۇشىغا قارىماي قۇم بارخانلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى يەكەنلىكلەر ئوردامغا بارىدىغان چىغىر يولنى تېپىپ، تاڭ ئاتقاندا مەھمۇت مۇھەتتىنىڭ قەشقەر دۆڭباغدىكى جايىغا يېتىپ كەلدىم. خەتنى ئۇ كىشىگە بەرگەنىدىم، خەتنى كۆرۈپ بولۇپ — بەللى، سىز بۈگۈن «شاتۇر» دېگەن نامىڭىزغا لايىق ئىش قىلدىڭىز، سىز چاي ئىچىپ دەم ئېلىپ تۇرۇڭ، مەن ماخۇسەنگە خەت يېزىپ بېرەي — دېدى. ھايال ئۆتمەي مەھمۇت مۇھىتى خەت بىلەن بىرگە بىر تەخسىدە 25سەر تەڭگىنى ئالدىمغا قويۇپ، — مەندىن ماخۇسەنگە سالام ئېيتىپ قويۇڭ، بۇ پۇلنى ئېلىڭ، ترمۇشىڭىزغا لازىم بولۇپ قالار، سىزنى ھازىر ئىككى ئەسكەر ماشىنا بىلەن شەتەي كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ، يولدا پەخەس بولۇڭ، مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلاڭ — دېدى. ماشىنىغا چىقىدىغان چاغدا قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ— خەير-خوش، ئۆلمىسەك يەنە كۆرۈشەرمىز— دېگىنىچە قول ئىشارىتى قىلىپ ئۇزىتىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىنى كۆرمىدىم. مېنىڭ 30 - يىللاردا ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان ئىشلار ئەنە شۇ— دەپ گېپىنى تۈگەتتى شاتۇر.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# مەشھۇر تۈركولوگ گۇمىلىيېفنىڭ ھايات يولى

شاھابىدىن كىبىر

ئىككى مەشھۇر رۇس شائىرى ئاننا ئاندرىيېۋنا ئاخماتوۋا بىلەن نىكولاي ستېپانوۋىچ گۇمىلىيېفنىڭ ئوغلى لېۋ نىكولايېۋىچ گۇمىلىيېف جۇغراپىيە پەنلىرى ۋە تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىغا ئىگە داڭلىق ئالىملا ئەمەس ، ئۆتمۈش ئەسىرلەرنىڭ تېخى ناھايىتى ئاز تەكشۈرۈلگەن ھەتتا نامەلۇم بولۇپ كەلگەن ئىجتىمائىي ھايات ھادىسىلىرى ھەققىدە ئاجايىپ قىزىق ھېكايە قىلغۇچى مۇئەللىپ ، ئۇ قەدىمىي خەلقلەردىن بولغان ھۇن، تۈرك ، هازار ۋە موڭغۇللار توغرىلىق پىكىر يۈرگۈزگەن ۋە پۈتكۈل سەييارىمىزنىڭ ئېتنىك قىياپىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ھەر تەرەپلىمە نەزەرىيىۋى ، غايىۋى سىستېما تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دەلىللەپ بەردى . بۇ يەردە ئەڭ ئالدى بىلەن ئالىمنىڭ «ئېتنوگېنىز ۋە يەرنىڭ بىئوسپىراسى» ناملىق ئەسىرىنى تىلغا ئېلىش لازىم .

لېۋ گۇمىلىيېف لېنىنگراد (ھازىرقى سانكىت پېتېربورگ) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېتەكچى ئىلمىي خادىمى ، ئېتنوگراپىيە ، تارىخىي جۇغراپىيە ، شەرق خەلقلىرىنىڭ تارىخى ساھەلىرى بويىچە مۇتەۋەر مۇتەخەسسىس ئىدى . بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ ھاياتى، سەرگۈزەشتىلىرى، ئەمگەكلىرى توغرىسىدا بەس - مۇنازىرىلەر، تالاش - تارتىشلار مۇشۇ كۈنگىچە توختىماي داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئىلمىي چۈشەنچە ۋە تەسەۋۋۇرلىرى، پىكىرلىرىنى پەيلاسوپلار، يازغۇچىلار، سىياسىئونلار ئۆز ئىش - پائالىيەتلىرىدە ئەمەلىي قوللىنىپ شۇلارغا ئاساسلىنىدۇ. ئېتنولوگىيە — ئالىم تەلىماتىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئېتنولوگىيە — خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن خەلق بولۇشىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەن. ئالىمنىڭ بۇ تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى لېنىنگراد تۈرمىلىرىنىڭ بىرىدە، قۇتۇپ دائىرىسىدىن يىراقتا جايلاشقان نورولېسكى لاگېرىغا ھەيدىلىش ئالدىدا ياتقان كۈنلىرىدە تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى 14 يىللىق ھاياتى تۈرمە بىلەن ئەمگەك لاگېرىدا ئۆتۈپ كەتتى.

نېمىشقا؟ نېمە سەۋەبلەردىن؟ تېخىلا يىگىرمە توققۇز ياشنىڭ يۈزىنى كۆرگەن گۆدەكنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى ئۇزۇن يىللارغا بەلگىلەپ قويغان دەسلەپكى چاقماق كەبى زەربە 1921- يىلى يۈز بەرگەنىدى. شۇ يىلنىڭ 3 - ئاۋغۇستىدا ئۇنىڭ ئاتىسى، شائىر نىكولاي ستېپانوۋىچ گۇمىلىيېف تۇتقۇنغا ئېلىنىپ، ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن پروفېسسور



تاگانپتسېفنىڭ «ئەكسىل ئىنقىلاپچىلار تەشكىلاتى» نىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىللە پېتىرگرادقا يېقىن يەردىكى بىر مەھەللىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ناھەق ئۆلۈمدىن ئۇنى گوركىي، ۋۇلىنىسكىي، لوزىنسكىيلەرگە ئوخشاش مەشھۇر ئەدەبىياتچىلار قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. پېتىرگراد ھاكىمىيىتى (سوۋېت ھۆكۈمىتى) شائىرنى ئۆلارغا كېپىللىككە بەرمىدى. توققۇز ياشقا قەدەم قويغان لېۋ گۇمىلىېف پېتىرگراد يېنىدىكى بېجېتىسكى شەھەرچىسىدە مومىسى ئاننا ئىۋانوۋنا گۇمىلىېۋانىڭ قولىدا قالدى.

ئاننا ئاندرىيېۋنا ئاخماتوۋا پېتىرگرادتىن يىراق ئىدى. ئۇ بېجېتىسكى شەھىرىگە 1921 - يىلنىڭ قىشى نىكولاي ستېپانوۋىچ گۇمىلىېف ئېتىلىپ ئۇچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن كەلگەنىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئەمدىكى تەقدىرى ھەققىدە ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى ئىدى. لېۋوشكا مۇشۇ بېجېتىسكىدا قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى پېتىرگرادقا يۆتكەش كېرەكمۇ؟ بۇنى ئانىنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. لېكىن كۆپنى كۆرگەن، مېھرىبان موماي ئاننا ئىۋانوۋنا كېلىنى ئاننا ئاخماتوۋا كەلمەستىن ئىلگىرىلا نەۋرىسىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە ئويلىنىپ مۇقىم بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى. ئۇ نەۋرىسىنى ئۆزىدىن ئۆلگىچە ئاجراتقۇسى يوق ئىدى. لېۋوشكا ئاتىسى ھايات ۋاقتىدىمۇ مومىسى بىلەن بىللە تۇراتتى، چۈنكى ئاخماتوۋا 1918 - يىلنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا ئېرىدىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئوغلىنى بېجېتىسكىدىن يىراق بولمىغان سېلېپنىۋو يېزىسىدىكى يازلىق ئۆيىدە مومىسىغا قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. نىمىشقا ئۇ مومىسىدىن ئەمدى ئايرىلسۇن؟ «لېۋوشكىنىڭ مېنىڭ بىلەن قالغىنى بالىنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ ياخشى، تېخى ياش ئانىسى ئۈچۈنمۇ قولايلىق» - دەپ ئويلايتتى موماي. ھەقىقەتەنمۇ شۇنىڭ ئۆزى دۇرۇس بولۇپ چىقتى. چۈنكى بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ئاخماتوۋا ئىككىنچى ئېرى شەرقشۇناس ئالىم ۋە تەرجىمان شىلېيكوفتىنمۇ ئاجرىشىپ كەتتى. ئاننا ئىۋانوۋنا ئۆز نەۋرىسىگە ھەم ئاتا ھەم ئانىنىڭ ئورنىدا قالدى. موما بىلەن نەۋرە ئەمدى ئىلگىرىكىدىنمۇ ئارتۇق ئىچەكىشىپ كەتتى. لېۋ ئۆزىنىڭ چىراي شەكلى بىلەنمۇ، خۇلقى - مىجەزى ۋە ئەقىل - ئىدرىكى بىلەنمۇ مومايغا ئوغلى نىكولاينى ئەسلىتەتتى. لېۋ گۇمىلىېف كىچىككىدىنلا كۆپ ئوقۇپ ئادەتلىنىدۇ. ئۇ ئەدەبىيات جەھەتتە، جەمئىيەتشۇناسلىق، بىئولوگىيە پەنلىرى بويىچە ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭسا، فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇ مايىن رىد، كۇپېرىن، ژيۇل ۋېرن، جېك لوندوننىڭ سەرگۈزەشتىلىك رومانلىرىنىلا ئەمەس، شۇنداقلا شېكسپىر-نىڭ دراممىلىرىنى، ئالېكساندىر ديۇما، كونان دويىل، ۋالتېر سكوت، ستېۋېن سونلارنىڭ تارىخىي رومانلىرىنى بىرباشتىن ئوقۇپ چىقىدۇ. ئانىسى ئاننا ئاخماتوۋا ئەۋەتىپ بەرگەن جۇغراپىيىلىك ئاتلاس ۋە خەرىتىلەرگە قاراپ، ئاشۇ رومانلاردا تەسۋىرلەنگەن قەھرىمانلار كەبى يىراق ئەللەرگە، دېڭىز ۋە ئوكيانلار ئارقىلىق ساياھەتلەرگىمۇ ئاتلىنىدۇ.

لېۋ گۇمىلىېف تارىخچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. 16 يېشىدا ئۇ بېجېتىسكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 9 - سىنىپىنى تۈگىتىپ 1929 - يىلنىڭ ياز ئايلىرىدا لېنىنگرادقا

ئاتلىنىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئانىسى ئانىا ئاخماتوۋا روس مۇزىيىنىڭ ئىلمىي كاتىپى، سەنئەتشۇناس ئالىم نىكولاي نىكولايېۋىچ بۇنىن بىلەن نىكاھلىق بولۇپ، شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بىر كونا ئۆيىنىڭ بۆلمىسىدە تۇراتتى. ئاخماتوۋانىڭ ئەسەرلىرىنى 1925 ـ يىلدىن باشلاپ ھېچبىر نەشرىيات باسمايتتى. 440 سوم پېنسىيە ۋە يېڭى ئېرىنىڭ مۇئاشىدىن باشقا كىرىمى يوق ئىدى. چوڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن يېتىپ كەلگەن لېۋ گۇمىلىيېفنى لېنىنگراد ئەنە شۇنداق سوغۇق قارشى ئالغانىدى. ئانىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن ئۇنىڭغا كارىدوردىكى ساندۇقنىڭ ئۈستىدىن ئورۇن تەگدى. ئۇ ئوتۇن يېرىش، ئوت قالاش، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىش ئۈچۈن دۇكانغا بېرىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. لېنىنگرادقا كېلىپ يېڭىباشتىن كىرگەن 9 ـ سىنىپنى 1930 ـ يىلى تاماملىدى ۋە شۇ يىلى گېرتسېن نامىدىكى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئىلتىماس سۇندى. لېكىن دۈشمەننىڭ ئوغلىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق دۈشمىنىنىڭ ئوغلى لېۋنى ئىنستىتۇتقا قاتناشتۇرمىدى. بۇ ئەھۋال بىلىم ئېلىشقا، ئىلمىگە ئىنتىلگەن ئىستېداتلىق ياش يىگىتنى تېگى يوق ھاڭنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويغانىدى.

ئوقۇشمۇ يوق، ئىشمۇ يوق، بۇنىڭ ئۈستىدە ھاياتمۇ يوق ئىدى. مۇشۇنداق بىر مۇشكۇل ۋەزىيەتتە ئۇنى ئەمگەك ئىدارىسى قوتۇلدۇرۇپ قالدى. ئۇ ئالدى بىلەن ترامۋاي پاركىغا ئىشقا ئېلىنىپ، كېيىنرەك پايدىلىق قېزىلمىلار ئىنستىتۇتىنىڭ كادىرلار بۆلۈمىگە ئەۋەتىلدى. بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ بىلىمى ئەمەس، بەلكى قارا كۈچى كېرەك ئىدى. ئۇ گېئولوگىيىلىك ئېكسپېدىتسىيە نىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە بايقال بويىغا كەتتى. كېيىن تاجىكىستاننىڭ تاغلىق رايونلىرىنى كەزدى. ئارخېئولوگلار بىلەن قىرىمنىڭ ئۆڭكۈر ـ غارلىرىدىكى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ قەدىمىي مەنزىرىلىرىنى تەكشۈردى. خۇسۇسەن تاجىكىستان ئېكسپېدىتسىيىسى ئۇنىڭ ئېسىدە ياخشى ساقلىنىپ قالدى. بۇ يەردە ئۇ ھاشارەتشۇناس ئالىملارنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ بەلگىلەندى. تارىخچى بولۇش ئارزۇسىدىن كەچمىگەن گۇمىلىيېف ئۈچۈن سۇ ۋە سۇ ياقىلىرىدىكى پاقا ـ چايانلارنى تۇتۇش تامامەن ياقمايتتى، شۇڭا ئۇ بۇ ئىشتىن يىرگىنەتتى. ئۇنىڭغا بۇ ئىشتىن كېتىش قىيىن بولدى. چۈنكى قۇدرەتلىك مەمۇرىيەت ئۇنى ناھايىتى ئوسال سىياسىي جىنايەت بىلەن قوغلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇ ئاخىرى يولىنى تېپىپ بۇ ئىشتىن ۋاز كەچتى. ئەمدى ئۇ تاجىكىستاننىڭ پەنج ۋىلايىتىدىكى دونگار سوۋخوزىنىڭ بەزگەك پاشىلىرىنى دورىلاپ يوقىتىش ئورنىغا ئىشقا كىردى. ئۇ ۋادا ـ قىشلاقلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى سۇ ياقىلىرى بىلەن سازلىقلىرىدا پىيادە يۈرۈپ، زەھەرلىك پاراشوكنى سېپىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ تولىمۇ ئېغىر ئىش ئىدى. لېكىن گۇمىلىيېف يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە تاجىك تىلىنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئەمەلىي نەتىجىلەرنى كۆزدە تۇتقان بۇ ئېكسپېدىتسىيە گۇمىلىيېفقا ئىلىمدا ئەمەلىيەتچانلىقنى ئىزدەشنى ئۆگەتتى. تارىخ ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىلگىرىكىدەك جەزبىلىك ۋە سىرلىق بىر ھادىسە ئەمەس،

بەلكى كونكرېت ۋە جانلىق جەريان سۈپىتىدە نامايەن بولدى. ئەمدى سەھرا خەلقلىرى — تۈرك ، ھۇن، موڭغۇللارنى تەتقىق قىلىش كېرەك . چۈنكى ئۇلارنىڭ تەقدىرى ناھايىتى قىزىق:

ئۇلارنىڭ تىكلىگەن دۆلەتلىرىنىڭ قۇدرىتى قانچە زور سۈرئەت بىلەن پەرۋاز قىلغان بولسا، شۇنچە شىددەتلىك ۋە تېزلىك بىلەن ھالاكەتكە ئۇچراپ يوق بولغان. مۇنداق تېز ئۆزگىرىش - ئاينىشلارنىڭ سىرى نەدە؟ گۇمىلېۋنىڭ پىكرىچە: قەدىمىي شەرق ، قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپا، جۇڭگو بىر قەدەر ياخشى تەتقىق قىلىنغان ، لېكىن ھۇن، موڭغۇل ، تۈركلەرنىڭ تارىخىي ھايات - ماماتى مۇنداق چوڭقۇر ۋە تەپسىلىي تەسۋىرلەنمىگەن . بۇ ئالىم ئۈچۈن ناھايىتى قىزىقارلىق ۋە جەزىبىلىك مەشغۇلات . غەيرەتلىك ، تىرىشچان ياش يىگىت ئالىملارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىدى. 1933 - يىلى ئۇ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىغا تەكلىپ قىلىندى. شۇنىڭ كەينىدىنلا دېگۈدەك 1934 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا، لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتىدا تارىخ فاكۇلتېتى ئېچىلدى. گۇمىلېۋ مۇشۇ فاكۇلتېتقا كىرىش ئىمتىھانلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاپشۇردى. ئەمما ئوقۇش باشلىنىپ ئىككى - ئۈچ ئاي ئۆتمەيلا گۇمىلېۋنىڭ ئەمدىلا باشلانغان ئىستۇدېنتلىق ھاياتىنى سوغۇقچىلىق بېسىپ، ئۇنىڭ بېشىدا قارا بۇلۇتلار ئەگىشكە باشلىدى. 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نىكولايېۋ دېگەن بىرسى س. م . كىروفقا ئوق ئاتتى. ئۇنىۋېرسىتېتتا پۈتكۈل شەھەردىكىگە، ھەتتا پۈتكۈل ئەلدىكىگە ئوخشاش نامايىشلار باشلىنىدۇ. خۇسۇسەن لېنىنگراد شەھىرىدە ئۆي بېسىپ دېگۈدەك ئاختۇرۇشلار ئەۋج ئالىدۇ. گۇمىلېۋ ئەڭ گۇمانلىق ۋە خەتەرلىك ئادەملەرنىڭ سىپىگە كىرىپ قالىدۇ. ئۇ تارىخقا ، سىياسەتكە ئالاقىسى ، مۇناسىۋىتى يوق ھەر خىل ئىشلاردا يۈرگەندە ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ كۆزى چۈشمەيتتى. لېكىن ئېيتىلىپ كەتكەن «سۈيقەستچى » ئوفىتسېر ۋە ئاقسۆڭەكنىڭ ئوغلى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان بولسا - بۇ تامامەن باشقا پاراڭ . مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئەيىپى، گۇناھى بولۇپ ھېسابلىناتتى. گۇمىلېۋ مۇشۇنداق گۇمان ئاستىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ن ك ب د ۋە گ پ ئۇ ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رازۋېدكائورگانلىرى ) بولسا «ئىشپىيون، ئاقسۆڭەك ، سانقۇن ۋە مۇناپىقلارنى » تۇتۇش ، سولاش سوئال سوراققا ئېلىش بىلەن بەند ئىدى. ئۇنى بىر نەچچە قېتىم سوراق قىلدى، قاماققىمۇ ئالدى. لېكىن ھېچبىر كونكرېت ئەيىپ ئارتالماي قويۇپ بەردى. 1935 - يىلى ئۇنى يەنە قاماققا ئالدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ قېتىم يەنە ئۈچ ئىستۇدېنت ۋە شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىۋېرسىتېتتا دەرس بېرىۋاتقان بۇنىنمۇ بار ئىدى. ئاخماتوۋا موسكۋاغا بېرىپ ستالىنغا مۇراجەت قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوراقچىلار ھەر قانچە تىرىشىپمۇ، ئۇلارغا بىرەر ئەيىپ قويالمايدۇ. بۇنىن بىلەن ئىستۇدېنتلارنى بوشىتىدۇ. لېكىن گۇمىلېۋ ئۇنىۋېرسىتېت-تىن چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: گۇمىلېۋ ئەتىيازلىق ئىمتىھانلارنىڭ بىرىدە ئاچلىقتىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆگەي ئاتىسى بۇنىننىڭ تەقدىرى بولسا

www.uyghurkitap.com

ئاخىرى پاجىئەلىك ئاخىرلىشىدۇ. 1949 - يىلى ئۇ شەكىلۋاز سوپېستىدە تۇتقۇنغا ئېلىنىدۇ. تۆت يىل تۈرمىدە ياتىدۇ ۋە ئاخىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ. بىر ئادەمنى، تالانتلىق بىر ئالىمنى تۆت يىل تۈرمىدە قىيناپ ، ئاندىن ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇ ئادەم قانداق دەھشەتلىك گۇناھ قىلىشى كېرەك ؟ بۇنىن نېمە ئەيىپ، نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەندى؟ بۇ ھەقتە گۇمىلىيېف كۆپ ئويلايدۇ، ئاخىرى ئۇ تاسادىپىي بىر ۋەقەنى ئېسىگە ئالىدۇ:

ئۈچ ئىستۇدېنت بىلەن قاماققا ئېلىنىشتىن سەل ئىلگىرى ئاخماتوۋانىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇنىنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ ۋە ئاننا ئاندرىيېۋنانىڭ دوستلىرى، قەلەمداشلىرى يىغىلىدۇ. ئولتۇرۇش بىر ئاز قىزىغان پەيتتە بۇنىن بىر لەتىپە ئېيتىپ ستالىنغا كىنايە قىلغانىدى. شۇ چاغدا مېھمانلارنىڭ كەيپى ئۈچۈپ ، ئۆي ئىگىسىنى «سەن مەست بولۇپ قالدىڭ » دەپ كايىپ تارقاشقانلىقى گۇمىلىيېفنىڭ ئېسىگە كەلدى. گۇمىلىيېفنىڭ ئىنىستىتۇتتىن چىقىرىلغانلىقىغا بىر يۇقىرىدا ئاتاپ ئۆتكەنىدەك، ئۇنىڭ ئىمتىھان ۋاقتىدا ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىشى سەۋەب بولغانىدى. شۇ چاغدىكى ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان پروفېسسور لازورىكىن ئىدى. ئۇ گۇمىلىيېفنى ئاخماتوۋانىڭ ئىلتىماسى بىلەن قايتۇرۇپ مەكتەپكە ئالىدۇ. مانا شۇ ئەيىپى ئۈچۈنلا سىياسىي ئىدارىلەر لازورىكىننىڭ كەينىگە كىرىۋالىدۇ. 1937 - يىلى ئۇنى، كېيىن ئايالىنىمۇ قاماققا ئالىدۇ. لازورىكىننىڭ تەقدىرىمۇ پاجىئەلىك ئاياغلىشىدۇ. سوراق ۋاقتىدا ئۇنى سوراقچى ئېتىۋېتىدۇ. ئاندىن جەسەتنى دېرىزىدىن تاشلاپ ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى ، دەپ جاكارلايدۇ.

گۇمىلىيېف ئۇنىۋېرسىتېتنى ئاخىرى پۈتتۈرەلمىدى. 1938 - يىلى ئۇنى 4 - يىللىقتىن تۇتۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا بۇ قېتىم مۇنداق بىر ۋەقە سەۋەب بولغانىدى. يەنى : تارىخچى ئىستۇدېنتلارغا روس ئەدەبىياتىدىن دەرس بېرىدىغان پروفېسسور پومپيانسكى 20 - يىللار شېئىرىيىتى ھەققىدە سۆز قىلىپ ، گۇمىلىيېفنىڭ ئاتىسىنىڭ بىر شېئىرى ئۈستىدىن كۈلىدۇ. نىكولاي گۇمىلىيېف ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۆزىمۇ ياخشى ئوۋچى ئىدى. ئېفىئوپىيىگە قىلىنغان بىر ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيىدە ئۇ ئولجا سۈپىتىدە قاپلان تېرىسىنى ئېلىپ كېلىپ، ئانىسىغا سوۋغا قىلغان ئىكەن . نىكولاي گۇمىلىيېف ئۆيدە ئىدەن(پول) غا سېلىپ قويغان ئاشۇ قاپلان تېرىسى توغرىلىق يېزىلغان مىسرالار بار بىر شېئىرىدا، شائىر كىنايە - مەجازى بىر ئۇسلۇپتا خۇددى تىرىك قاپلان ئۆيىدە ياتقاندەك ھېسسىياتلىرىنى تەسۋىرلىگەن . پروفېسسور پومپيانسكى مۇشۇ شېئىر ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ : «شائىر ئېفىئوپىيە ھەققىدە سۆزلەيدۇ-يۇ، ئەمما ئۆزى جازائىردىن نېرى بارمىغان » - دەيدۇ. بۇ ھاقارەتكە چىدىمىغان گۇمىلىيېف: «ياق! ئۇ جازائىردا ئەمەس ئېفىئوپىيىدە بولغان! » -

دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپ ۋاقىرىۋېتىدۇ. پومپيانىسكى مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن : «سەن بىلەمسەن ياكى مەن بىلەمدىم؟ » - دەيدۇ. «ئەلۋەتتە مەن » - دەپ جاۋاپ بېرىدۇ لېۋ گۇمىلېيف . ئۇلتۇرغان 200 گە يېقىن ئىستۇدېنتنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئۇنىڭ شائىر نىكولاي گۇمىلېيفنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . ئۇلار كۈلۈشۈپ دەرسخانىنى چاڭ كەلتۈرىدۇ. پومپيانىسكى مۇدىر ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى جايلارغا ئەرز قىلىدۇ. ن ك ب د نىڭ ئىچكى تۈرمىسىدە گۇمىلېيفنى سوراقچى بارخۇدارىيان سوراقتا ئالىدۇ: «داداڭنى ياخشى كۆرسەڭدە سەن ئەبلەخ، شۇنداقمۇ؟ ! تۈز ئورنىڭدىن، تامغا يۈزۈڭنى قىل! »- دەپ ، تىللاش ۋە ئۇرۇشنى باشلايدۇ. تىرگاۋچى بارخۇدارىيان سېمونت يەرگە مىدىرلىغۇسىز قىلىپ ئورنىتىۋەتكەن ئورۇندۇقتىن گۇمىلېيفنى ياقىسىدىن تۇتۇپ كۆتىرىپ ئېلىپ تامغا قارىتىپ قويۇپ ئۇرىدۇ. ئۇ مەھبۇسنىڭ گەجگىسىگە ئالقىنىنىڭ قىرى بىلەن ئۇراتتى : «سەن مېنى مەڭگۈ ئېسىڭدە ساقلاپ قالىسەن - مۇتەھەم! » دەيتتى ئۇ. ھەقىقەتەنمۇ بۇ تاياقلارنىڭ دەردىنى ئالىم ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە تارتىپ كەلدى. بارخۇدارىيان ئۇنى سەككىز كېچە ئازابلىق قىيىن - قىستاق قىلىپ ھېچبىر جىنايەتكە ئىقرار قىلدۇرالمىدى. چۈنكى تەن ئالىدىغان ، ئىقرار قىلىدىغان جىنايەتمۇ يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ سوراقچى توختىمىدى. ئۇ يەنە يېرىم يىلغا سوزۇلدى . گۇمىلېيفنى بىر تۈرمىدىن ئىككىنچى تۈرمىگە يۆتكىدى. ئاخىرى يەنە بارخوداريان بىر گۇرۇپپا ئىستۇدېنتلارغا : «سوۋېتقا قارشى گۇرۇپپا» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ دېلو ماتېرىيالى تاپشۇردى. سوت ھۆكۈمى بويىچە گۇمىلېيف 10 يىل ، قالغانلىرى سەككىز يىلدىن تۈرمە جازاسىغا ئېلىندى ۋە بېلامور قانىلىغا ھەيدەلدى. بۇ يەردە مەھبۇسلار قانال قازاتتى. ئورمانلىقتا ياغاچ كېسەتتى. لاگېر باشلىقلىرى گۇمىلېيف گۇرۇپپىسىنى ياغاچ كېسىشكە قويدى. بۇ زامانلاردا: «بالا ئاتا ئۈچۈن جاۋاپ بەرمەيدۇ» - دەيدىغان شوئارلار كەڭ تارقالغانىدى. بۇنى خەلق ئۇلۇغ ئىش ۋە ئادالەتنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشىنەتتى. ئەسلىدە بولسا بۇ ئۈچىغا چىققان بىمەنە شۇئار ئىدى. «خەلق دۈشمەنلىرى» نىڭ بالىلىرى ئاتىلىرىنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلاسماسلىقى ، بالا ئاتىدىن خەلق ئالدىدا ئوچۇق كېچىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئائىلىۋى ۋە قېرىنداشلىق رىشتىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش- روھىي جەھەتتىن بەرباتلىقىقا ئۈچراش ، ئىدى . مۇنداق مۇناپىقلىقىقا ، ساتقۇنلۇققا ماڭمىغان ئادەم، خەلق دۈشمىنى ھېسابلانغان ئاتا - ئانىنىڭ يولىنى تۇتىدىغان ئاشۇنداقلار خەتەرلىك خەلق دۈشمىنى ھېسابلاندى . بۇ لېۋ نىكولايېۋىچ گۇمىلېيفنىڭ ھاياتىدىنمۇ ياخشى كۆرۈنىدۇ. بېلامور قانىلىدا گۇمىلېيفنى كۆپ تۇتمىدى.

1939 - يىلنىڭ قىشلىقى ئۇ بۇيرۇق بىلەن لېنىنگرادقا قايتۇرۇپ كېلىندى. چۈنكى سوتچى سوتنىڭ قارارىنى رەت

قىلغانىدى . سوت ھۆكۈمى بىكار قىلىنىپ ، گۇمىلىيېفنىڭ ئەمدىكى جىنايىتى تېررورلۇق قىلمىشى دەپ بېكىتىلىپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇش ئۈچۈن قايتۇرۇپ كېلىنگەنىدى . گۇمىلىيېف كىمنىڭ جېنىغا قەست قىلدى؟ تېرگاۋچىلارنىڭ ئېيتىشىچە : ئۇ ژىدانوفنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانمىش . لېكىن تېرگاۋ ئىشىدا ئەمدى خېلىلا ئۆزگىرىشلەر بار ئىدى. تېرگاۋچىلارمۇ ئىلگىرىكىدەك مەھبۇسلارنى ئۇرۇشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئورگانلاردىن قاتتىق قوللار قوغلانغانىدى. گۇمىلىيېفنىڭ ئىشى ن ك ب د نىڭ مەخسۇس مەجلىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ . كۆپ ئۆتمەي ئۇ بەش يىللىق قاماق ھۆكۈمىگە قول قويىدۇ. بىلامور قانىلىدا ئىشلىگەن بىر يېرىم يىل ھېسابقا ئېلىنىپ لېنىنگرادتىن نورىلىسكىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇ 1939 ـ يىلى ئىدى. گۇمىلىيېف ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئورالغا، ئاندىن سىبىرىيىگە يېتىپ بېرىپ ، كراسنويارسكىدا كېمە بىلەن يەنسەي دەرياسى ئارقىلىق دۇدىنكىغا ، ئاندىن ئەڭ شىمالدىكى تۆمۈر يول لىنىيىسى بىلەن نورىلىسكى لاگېرىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەرنىڭ مېھنەتكەش ئاھالىسى ئاساسەن مەھبۇسلاردىن ۋە سىياسىي سۈرگۈندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار مىس، نىكېل، ئالتۇن ئېلىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز توختىماي لاۋۇلداپ يانغان ئوتتىن ئىسلىنىپ كەتكەن كومبىناتتا ئىشلەيتتى، كاندىن رودا قازاتتى، كۆپ قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ھۇلىنى سالاتتى. گۇمىلىيېف باشتا يەر قازدى، ئاندىن مىس رودىسىنى قازىدىغان كانغا يۆتكەلدى. بۇ يەردە گېئولوگىيە تېخنىكى كېرەك ئىدى. گۇمىلىيېف ئىلگىرى گېئولوگىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىدە ئىشلىگەنلىكتىن ئۇنى بۇ كاننىڭ باشلىقلىرى شۇ مۇتەخەسسىسلىك بويىچە پايدىلانماقچى بولدى. لېكىن كان گېئولوگىيىسى ئۇنىڭغا تامامەن ناتونۇش ئىدى. بۇ مۇتەخەسسىسلىكنى ئۇ ئەمەلىي ئىش ئۈستىدە ئۆگەندى . ئىسمېنا بۇ يەردە سەككىز سائەتكە سوزۇلاتتى، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن بۇ يەنە 12 سائەتكە سوزۇلدى. گۇمىلىيېفنىڭ ئازاد بولۇش مۇددىتى بولغان 1943 ـ يىلىنىڭ 10 ـ مارتى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. بۇ ۋاقىتلاردا كاندا ياردەمچى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. چىدىغۇسىز ئېغىر ئىشلاردا تولىمۇ ئاجىزلاپ ، ئارانلا ماڭىدىغان بولۇپ قالغان گۇمىلىيېف ئۈچۈن جىسمانىي كۈچىنى تەلەپ قىلمايدىغان لابورانتلىق ئىشى ئۇنىڭ جېنىغا ئارا بولۇپ قالغانىدى. قەرەلى توشۇشى بىلەن تۈرمە مەمۇرىيىتى: ئۇرۇش تۈگىگىچە ئىشلەيسەن ، دەپ ئۇنىڭ قولىدىن قەغەز ئېلىۋالدى. گۇمىلىيېف بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمىدى . چۈنكى ئۇنىڭ بارىدىغان يېرىمۇ يوق ئىدى. تاشكەنتتە تۇرۇۋاتقان ئانىسىدىن خەت كەلمىگىلى ئۇزۇن بولغانىدى. ئۇ يەنە گېئولوگىيە ئېكسپېدىتسىيىسىگە كىرىدۇ. بۇ يەردە ئۇ تۇز ۋە تۆمۈر كانلىرىنى ئىزدەيدۇ. ياخشى ئىشلەپ تۆمۈر كېنىنى تاپقىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىش بېرىلىپ تۇرۇخانىسكىغا ئەۋەتىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ يەرلىك ھەربىي

كومىسسارىياتقا كىرىپ ئۇرۇشقا ئەۋەتىشنى سورايدۇ. گومىلېيېف خېلى ھەشەملەر بىلەن ئاخىرى رۇخسەت ئېلىپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. 1386 - زېنىت ئارتىللېرىيىسى پولكىنىڭ تەركىبىدە ئۇ بېرلىنغىچە بارىدۇ. 1945 - يىلى لېۋ نىكولايېۋىچ گومىلېيېف لېنىنگرادقا كېلىپ ، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ تۈگەتمەي كەتكەن 4 - ۋە 5 - يىللىق سىنىپلىرىغا ئۆزلۈكىدىن تەييارلىنىپ ، ئىمتىھان بېرىدۇ. ئۇنىڭ دىپلومى يۇقىرى باھالىنىپ نەشر قىلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ گومىلېيېفنىڭ ھاياتىدىكى يېڭى بىر مەزگىللىك خاتىرجەملىك باشلانغاندەك بولدى. ھەممە بەختسىزلىك ، ھەممە دەھشەتلىك كۈنلەر ئارقىدا قالغاندەك بولدى. ئەپسۇسكى، بۇ تۇيغۇ پەقەت ۋاقىتلىق، ئالدامچى تۇيغۇ ئىدى. 1946 - يىلى «يۇلتۇز» ، «لېنىنگراد» ژۇرناللىرىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارلىرى چىقتى . بۇنىڭدا زوشېنكو ، ئاخماتوۋا ۋە باشقا يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ خاتالىقلىرى ھەققىدە جىددىي پىكىرلەر ئېيتىلغانىدى. ئاخماتوۋا بىلەن ئالىي ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقلار 30 - يىللاردىن تارتىپ كېلىۋاتقان چىگىش مەسىلە ئىدى. ھۆكۈمەتنى شائىرنىڭ دىسپۇتىزىمنى پاش قىلغۇچى شېئىرلىرى تەشۋىشلەندۈرەت-تى. ئاخماتوۋانىڭ نەشر قىلىش چەكلەنگەن شېئىرلىرى ئېغىزچە تارقىلاتتى . ئۇلارنى يادقا بىلىدىغانلار كۆپ ئىدى . مانامۇشۇنداق شېئىرلىرى تۈپەيلىدىن تالانتلىق شائىر

ماندىلشتاممۇ تۈرمىگە تاشلانغانىدى. ژدانوف ئۆز دوكلاتىدا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى شائىرنىڭ ئېسىگە سالىدۇ. ئاخماتوۋا شېئىرلىرىدا تەسۋىرلىنىدىغان قەھرىمانلار ئاخماتوۋانىڭ ئۆزى ! - دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ - دوكلاتچى. 1946 - يىلى ئاننا ئاخماتوۋا يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدىن قوغلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئەمدى ھېچقانداق نەشرىيات باسمايدۇ، ئۇ ئوزۇق - تۈلۈك كارتوچكىسىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ئاسپىرانت لېۋ گومىلېيېفمۇ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدىن قوغلىنىدۇ. ئۇ ئاسپىرانتورىيىنىڭ ھەممە ئىمتىھانلىرىنى تاپشۇرۇپ دىسسېرتاتسىيىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاپ تەييار قىلغانىدى. ئاددىي ئاسپىرانت س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى رىياسىتىنىڭ مەخسۇس قارارى بىلەن ئاسپىرانتورىيىدىن چىقىرىلىدۇ! ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھادا: «تەكەببۇر ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملەردىن چەتنەپ يۈرىدۇ. جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ. جەمئىيەتلىك ئىشلارنى، ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈش دەپ ھېسابلايدۇ» دەپ يېزىلغان . مۇنداق جىنايەت بىلەن دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتىن ئېغىز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا گومىلېيېف كۈتۈپخانىغا ئىشقا كىرىپ، تېگىشلىك مۇددەتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئىجابىي باھا ئېلىپ ، دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا تاپشۇرىدۇ. كۆپلىگەن پۇتلىكاشاڭ ۋە توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن

قارشىلىقلارنى يېڭىپ ئاخىرى ياقلاشقا رۇخسەت ۋە مۇمكىنچىلىك ئالدۇ. 1944 - يىلى 28 - دېكابىردا ئىلمىي مۇنازىرە باشلىنىدۇ. گۇمىلېيفقا قارشى قىرغىزىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن پەن ئەربابى بېرنىشتام سۆزلەيدۇ. بېرنىشتام گۇمىلېيفنىڭ دىسسېرتاتسىيىسىدىن 16 كەمچىلىك تاپىدۇ. بېرنىشتام گۇمىلېيفنى ماركسىزمچى ئەمەس، شەرق تىللىرىنى بىلمەيدۇ، مەنبەلەردىنمۇ بىخەۋەردەپ ئەيىپلەيدۇ . گۇمىلېيف بېرنىشتامغا جاۋاب بېرىپ ، مەنبەلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. بەس - مۇنازىرە ئۈستىدە گۇمىلېيف بېرنىشتامغا پارس تىلىدا مۇراجىئەت قىلىدۇ. لېكىن بېرنىشتام جاۋاب بېرەلمەيدۇ. شۇندا گۇمىلېيف تۈرك تىلىغا كۆچىدۇ، ئۇ يەنە جاۋاب بېرەلمەي جىم تۇرىدۇ. ئاۋاز بەرگۈچى 16 ئالىمنىڭ 15ى گۇمىلېيفنى ياقلايدۇ. بىر ئاۋاز قارشى بولۇپ، گۇمىلېيف مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. پاللىدە قىلىپ كۆرۈنگەن كۈن نۇرى يەنىلا بىردەملىككە پارلىغانىدى . ئۇ دىپلومنى ئېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا يەنە قاماققا ئېلىنىدۇ. بۇ نۆۋەت ئۇ موسكۋانىڭ لېفورتوۋسكايا تۈرمىسىگە تاشلىنىدۇ. سوراقچىلار ئۇنىڭ ھېچقانداق جىنايىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى: «سەن ئەيىبلىك ، ئەمما ئەقىللىق ، ساۋاتلىق ئادەمسەن ، ئالىمسەن ، مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ گۇناھكارسەن ، قانداق جىنايەتنى بويىنۇڭغا ئالغۇڭ كېلىدۇ ، ئۆزەڭ تاللىۋال» ـ دەيدۇ ئۇنىڭغا سوراقچى. «بۇ يەردە مېنى ئانچە ئۇرمىدى، لېكىن كۆپ نەرسىلەر ئېسىمدە قالدى » ـ دەيدۇ گۇمىلېيف ئۆزىنىڭ بىر ئەسلىمىسىدە. ئۇنى يەنە 10 يىللىق كېسىپ، قاراغاندا لاگېرىغا ھەيدەيدۇ. قاراغاندىدىن مىژدورېچىنسكى، ئاندىن ئومسكىغا يۆتكەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەردە دوستويېۋىسكى سۈرگۈندە بولغان . لېۋ گۇمىلېيف پەقەت 1956 - يىلى پارتىيىنىڭ 20 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىنلا ئاقلاندى. لاگېردىن گۇمىلېيف ئۆز قولى بىلەن ئاددىي تاختايدىن قوپالراق ياسىۋالغان ئىككى چامدانغا ئاران سىغدۇرغان قول يازمىلارنى ئېلىپ قايتتى . ئۇلار كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەر بىلەن ئىككى مەخسۇس ئەسەرنىڭ قول يازمىسى ئىدى . ئەسەرلەرنىڭ بىرى «ھۇنلار» (كىتابقا« قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» دەپ يان ماۋزۇ قويۇلغان) ئىدى. بۇ كىتاپ 1960 - يىلى نەشر قىلىندى ، ئىككىنچىسى «6 -، 7 - ئەسىرلەردىكى قەدىمكى تۈركلەر» بولۇپ، بۇ ئەسەر كېيىن ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىگە ئاساس بولىدۇ. بۇ دىسسېرتاتسىيىدىن كېيىن لېۋ نىكولايېۋىچ گۇمىلېيف ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تارىخى بويىچە بىردىنبىر ئىناۋەتلىك چوڭ مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە تونۇلدى.

لېۋ نىكولايېۋىچ گۇمىلېيفنىڭ بۈگۈنكى ئۇلۇغ ئەسەرلىرىنىڭ ھۇلى ئاشۇ تۈرمىدە ياتقان يىللىرى سېلىنغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر پىكىر، كەشپىياتلىرى ۋە ئىدىيىلىرىنى قەغەز - قەلەمسىز كاللىسىدا پىشۇرغانىدى.

ئوقۇش، يېزىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان گۇمىلىيېۋ تارىخ ئىلمى نەزەرىيىسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. بۇ ئۇنى دەھشەتلىك تۈرمە ئازاپلىرى ۋە سۈرگۈندىكى مۇشەققەتلىك ھاياتتا روھىي ئازاپ چېكىپ تۈگىشىشتىن ساقلاپ قالغانىدى.

قەدىمكى غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە گۇمىلىيېۋ ناھايىتى ھاياجان بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق بىر ئەل باركى، ئۇنىڭ ئابى - ھاۋاسى ئاجايىپ يېقىملىق بولۇپ، ھېچقانداق يەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان يەرلىك خەلق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان. قەدىمدە بۇ ئەلنى خەنزۇ، يۇنان ۋە ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرى ياخشى بىلگەن، رۇس ۋە باشقا غەرب ساياھەتچى، ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى بۇ يەرگە ساياھەت ۋە تەكشۈرۈشلەرگە كەلگەن».

«دۇنياغا مەشھۇر بۇ ئەلنى مۇشۇ كۈنگىچە ھەر كىم ھەر خىل ئاتاپ كەلمەكتە. ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بۇ خەلق ياشاۋاتقان زېمىننى قەدىمدە خەنزۇلار شىيۇ (غەربىي يۇرت)، گىرىكلار سىرىكا (يىپەك ئېلى)، بۇ ئەلدە ئىشلىنىدىغان يىپەكنى سىرىكوم دەپ ئاتىغان».

گۇمىلىيېۋ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان غەربىي يۇرتنى باشتىن - ئاياغ ئۇيغۇر نامى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. گۇمىلىيېۋ ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تۈركىي خەلقلەر ۋە ئېتنوسلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ئالىم ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى پىكىر - مۇلاھىزىلىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر ئەسەرنىڭ تېمىسى بولالايدۇ. شۇنى كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئالىم پۈتۈنلەي مۇستەقىل ۋە يېڭىچە پىكىر قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تارىخچى ۋە جۇغراپىيىشۇناس ئىدى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، تىل ئۇسلۇبىنىڭ يارقىن، جەزبىدارلىقىدا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىچە پىكىرلىرىنى قانداق مۇنازىرىنىڭ قوزغىلىشىدىن قەتئىينەزەر دادىل ئوتتۇرىغا قويالايدىغا ۋە مۇنازىرە قىلىشقا ئامراق ئالىم ئىدى.

لېۋ نىكولايېۋىچ گۇمىلىيېۋ سانكت پېتېربورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېتەكچى ئىلمىي خادىمى ئىدى. ئۇ بۇ يەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىقات يۈرگۈزۈۋاتاتتى. بەختكە قارشى بۇ ئۇلۇغ ئىنسان بۇ يىل (1992 - يىلى) 81 ياشقا كىرگەندە ئۆز خەلقى بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى.

كەلگۈسىدە گۇمىلىيېۋنىڭ تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناس ئالىم سۈپىتىدىكى تەرجىمىھالىنى سۆزسىز يېزىش زۆرۈر.

ئۇيغۇرچە «پەرۋاز» (ئالمۇتا، 1992- يىللىق سانى) ژۇرنىلىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى بارات

www.uyghurkitap.com

# تونيۇقۇق ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدىن)

تونيۇقۇق — ئورخون - يېنىسەي ۋادىلىرىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر قۇرغان خانلىقتا بىرنەچچە خاننىڭ ۋەزىرى بولغان دانىشمەن ئادەم. ئۇ ھايات ۋاقتىدا تىكلىگەن، ئۆزىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئابىدىسى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتوردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بايىنچوقتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان. ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

مەملىكىتىمىزدە 1980 - يىللاردا ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ئارقىمۇ ئارقا يۇرۇقلۇققا چىقىشقا باشلىدى. شۇ ئەسەرلەر قاتارىدا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجداتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل مەزمۇندىكى مەڭگۈتاش تېكىستلىرى، قەدىمكى ئەسەرلەردىن ئۆرنەكلەر ھەمدە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى تەتقىقاتچىلىرمىزدىن ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ ۋە ئىسرائىل يۈسۈپلەر تەرىپىدىن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن نام بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى. بۇ، ئۇيغۇرلارغا ئەجدادلىرىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى تونۇتۇش بىلەن بىرگە، نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلىرىمىزنى ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتتى.

بۇ كىتابنىڭ «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ھەققىدىكى تەتقىقات قىسمىدا: «تونيۇقۇق كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قاغانلىرى ئىلتەرىش قاغان (682 ـ 691 - يىللار)، قاپاغان قاغان (716 - يىلى) ۋە بىلگە قاغان (734 - يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلارغا باش مەسلىھەتچى بولغان ھەمدە يۇقىرىدىكى قاغانلارنىڭ خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىشىگە ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان. تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى تېكىستى تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسلىق ھالدا تونيۇقۇقنىڭ ئۆزىگە دائىر ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئۇنى تونيۇقۇقنىڭ تەرجىمىھالى دېيىشكە بولىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ مۇقەددىمە، ئاساسىي تېكىست ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا

بۇلىنىدۇ»① دېيىلگەن.

بۇ مەڭگۈ تاش تېكىستى «بىلگە تونيۇقۇق مەن ئۆزەم تابغاچ ئېلىدە ئۆستۇم»② دەپ باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، قىلغان يۇرۇشلىرى، دۆلەت قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش يولىدا كۆرسەتكەن تەدبىرلەرى سۆزلىنىدۇ.

ئۇ يەنە ئۆزى ھەققىدە توختىلىپ: «شۇ چاغدىمۇ ئەقىلدار يەنىلا مەن ئىدىم. ئىلتەرىش قاغانغا، تۈرك بۆگۈ قاغانغا، تۈرك بىلگە قاغانغا. . . قاپاغان قاغان يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىدا، مەن قاپاغان قاغانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم»③ دەيدۇ.

بىر قېتىملىق يۇرۇشنى تەسۋىرلەپ: «ئۇ مەنكى بىلگە تونيۇقۇققا مۇنداق دېدى: ‹سەن بۇ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىل، قىيىن (ئىشلاردا) ئۆز كۆڭلۈڭچە قارار چىقىرىۋەرگىن! مەن ساڭا (يەنە) نېمە دەي؟ ئەگەر ئۇلار كېلىپ قالسا، خەۋەرچىلەرنى كۆپەيتكىن، كەلمىسە، "تىل" (ئەسىر) تۇتۇپ سۆزىنى توپلاپ تۇرغىن› دېدى. بىز ئالتۇن (ئالتاي) تېغىدا ئولتۇراقلاشتۇق. ئۈچ پايلاقچى قايتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ سۆزى ئوخشاش ئىدى؛ ئون ئوق قاغانى قوشۇن چىقىرىپتۇ. ئۇلار، بىز بارس تۈزلەڭلىكىدە توپلىنايلى، دېيىشىپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ قاغانغا مەلۇم قىلدىم. قانداق قىلسام بولار؟ (دەپ تۇرغىنىمدا) يەنە جاۋاپ كەلدى: ‹ئورنۇڭلاردا تۇرۇۋېرىڭلار، ئاتلىق قاراۋۇللارنى ياخشى ئويۇشتۇرۇڭلار› دېگەن گەپلەرنى بۆگۈقاغان ماڭا ئەۋەتىپتۇ» ④ دېيىلگەن. بۇلاردىن خۇددى «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ھەققىدىكى تەتقىقات قىسمىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، تونيۇقۇقنىڭ نەچچە ئەۋلات قاغانلارغا باش ۋەزىر ھەم مەسلىھەتچى بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا تونيۇقۇق ئۆزى ھەققىدىكى بۇ مەڭگۈ تاشنى قايسى دەۋردە ئورناتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ خانلىقنى گۈللەندۈرۈش يولىدا قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى تېكىستنىڭ خاتىمىسى ئورنىدا: «تۈرك بىلگەقاغان ئېلىگە مەنكى تونيۇقۇق (بۇ مەڭگۈ تاشتىكى سۆزلەرنى) يازدۇردۇم. ئىلتەرىش قاغان تىرىشمىغان بولسا، مەن ئۆزۈم ـ بىلگە تونيۇقۇق تىرىشمىغان بولسام، مەن بولمىغان بولسام، قاپاغان قاغان ۋە تۈرك سىر خەلقى تۇپرىقىدا خەلق ئادەم ـ ئىنسان بولمىغان بولاتتى. ئىلتەرىش قاغان ۋە مەنكى بىلگە تونيۇقۇق تىرىشقانلىقىمىز ئۈچۈن، قاپاغان ۋە تۈرك سىر خەلقى مۇشۇنداق ياشاپ قالالىدى، تۈرك بىلگە قاغان تۈرك سىر خەلقىنى، ئوغۇزلارنى باقماقتا»⑤ دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە مەلۇماتلار پەقەت ھازىرغا قەدەر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان، تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا مەرمەرتاشقا ئويۇش يولى بىلەن خاتىرىلىگەن 62 قۇرلۇق ۋەسىقىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەتىجىلەردىن ئىبارەت. بۇلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يەنە بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشمۇ مۇمكىن. ئالايلۇق، تونيۇقۇق ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا تونيۇقۇقنىڭ ئىلتەرىش قاغان، قاپاغان قاغان ۋە بىلگەقاغانلارغا باش ۋەزىر ۋە مەسلىھەتچى بولغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. تونيۇقۇقنىڭ ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەڭگۈتاشتا يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ئۈچ قاغاندىن باشقا يەنە «بۆگۈ» ئىسىملىك بىر قاغاننىڭمۇ

نامى ئۇچرايدۇ (3 ـ، 4 ـ، ئىزاھاتقا قاراڭ). شۇنداق ئىكەن تونيۇقۇقنى ئۇچ قاغانغا ۋەزىر ۋە مەسلىھەتچى بولغان دېگەننى تۆت قاغانغا ۋەزىر ۋە مەسلىھەتچى بولغان دېسەك بولارمىكىن، دېگەن پىكىردىمەن.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئەينى دەۋردە ئۆزىمىزدە يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ياكى يېزىپ قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەر قېرىنداش خەلقلەر تارىخنامىلەرىدە خاتىرىلىنىپ ساقلىنىپ قالغان ۋە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. بىز ئەنە شۇ تارىخنامىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە نامەلۇم بولغان ياكى مەلۇم بولدى دېيىلگەندىمۇ تولۇق بولمىغان، مەلۇم دەۋردىكى ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى، شۇ دەۋردە ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. بۇ جەھەتتە بىزگە ئەڭ كۆپ ياردەم بېرەلەيدىغىنى ئەينى دەرۋدە يېزىلغان خەنزۇچە تارىخنامىلەردىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئورنىنىڭ تەتقىقات خادىمى ئىمىنجان ئەخمىدى يازغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» دېگەن ئەسەردە: «تونيۇقۇق مەڭگۈتېشى — تونيۇقۇق ھايات مەزگىلىدە تىكلەنگەن تۆھپە مەڭگۈتېشى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بايانلاردىن تونيۇقۇقنىڭ 7-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشىغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە تونيۇقۇق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دۆلەت قورغۇچى سەركەردىلەردىن لى جىڭ، شۇ جى قاتارلىقلار بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇلغان. مەسىلەن: ‹كونا تاڭنامە› 194 ـ جىلد ‹تۈركلەر تەزكىرىسى› دە: ‹تونيۇقۇق تەمكىن، پاراسەتلىك، ياشانغان دانىشمەن بولۇپ، لى جىڭ، شۇ جىلار بىلەن بىر قاتاردا تۇراتتى› دەپ يېزىلغان»⑥.

خەنزۇچە قورال كىتابلاردا تونيۇقۇق ھەققىدە يەنە مۇنداق مەلۇمات بار:

1. «تونيۇقۇق بىلگە قاغاننىڭ قېيىنئاتىسى»⑦.

2. «تونيۇقۇق ئىلتەرىش قاغان، قاپاغان قاغان ۋە بىلگە قاغانلارغا ياردەملىشىپ ئۇيغۇر، قومۇق، قىتان، قىرغىز، تۈركەشلەرنى ھەممە ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغان. 80 يېشىدا ۋاپات بولغان»⑧.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغىنىمىزدا، تونيۇقۇق ياشىغان دەۋردىكى خەنزۇ مۇئەللىپلەر تونيۇقۇق ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان. «جۇڭگو تۈركولوگىيىسى» ناملىق كىتاب پۈتۈنلەي خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ يېزىلغان بولۇپ، بىزنى تونيۇقۇقنىڭ نەسەبىنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، تۇرپاندا قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ۋە كېيىنچە چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىدا مۇھىم خىزمەتلەردە بولغان، تونيۇقۇقنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ نەسەبنامىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. تونيۇقۇق بىلەن نەسەبنامىدە كۆرسىتىلگەن كىشىلەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوتتۇرىسىدا تەخمىنەن 500 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ تونيۇقۇقنىڭ نەچچىنچى ئەۋلادى ئىكەنلىكىگە ھازىرچە بىرنەرسە دېيىش تەسرەك. بىراق ئۇنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن ياخشى بىر باشلىنىش بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ نەسەبنامە پۈتۈنلەي خەنزۇچە مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا تۈزۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى بۇددىزم مۇھىتىدىكى ئىسىملار بولغاچقا، بەزىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى. تۆۋەندە بۇ نەسەبنامىگە قاراپ باقايلى:

1. سەۋىنچ توغرۇل 写云赤忽

تونيۇقۇق نەسلىدىن تېكىن بىلگەنىڭ ئوغلى بولغان سەۋىنچ توغرۇل چىڭگىزخان ھوزۇرىدا زور ئېتىبارغا ئىگە بولغان. دەسلەپتە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ «ئۇلۇغ ئايغۇچىسى» بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىغا خىزمەت قىلغاندىمۇ، بۇ ئۇنۋانى داۋاملىق ئىشلەتكەن. چىڭگىزخان بىلەن غەرب يۈرۈشلىرىگە قاتنىشىپ، كېيىن تولى ۋە خانىشىنىڭ ھوزۇرىدا زور خىزمەتلەردە بولغان.

2. بادان 八儋

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسىغا قارشى يۈرۈشكە ھەم ئارىغ بۇقا بىلەن قايدۇنىڭ ئىسيانلىرىنى باستۇرۇشقا چىققان قوشۇنلارغا قاتناشقان.

3. ئارىغ 阿里

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى، بادانىنىڭ ئوغلى.

4. تېغۇ 德服

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى، بادانىنىڭ ئوغلى. بۇ ئىسىم خەنزۇچىلىشىپ كەتكەن.

5. شىدې 石得

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى، بادانىنىڭ ئوغلى. بۇ ئىسىم خەنزۇچىلىشىپ كەتكەن.

6. سوقۇنچار 速混察

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ ئوغلى، ھۇلاكۇخاننىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان، كېيىن ئاباقا بىلەن توقتوغا باش سانغۇن بولغان.

7. توقتويان 脱朵延

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ ئوغلى.

8. لاچىن 剌真

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى، توقتويانىنىڭ ئوغلى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئوردىلاردا خىزمەت قىلغان. خانلىق بىلىم يۇرتىنىڭ ئۆلىماسى.

9. چاناي 察乃

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، لاچىننىڭ ئوغلى.

10. پوپوش 孛孛实

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 1 - ئوغلى.

11. لاۋخان 老汉

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 2 - ئوغلى. بۇ ئىسىم خەنزۇچىلىشىپ كەتكەن.

12. ئىنانچىن 亦辇真

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 3 - ئوغلى. بۇ ئىسىم ئىرىنچىن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

13. لاۋجان 老章

سەۋىنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ 4 - ئوغلى. بۇ ئىسىم خەنزۇچىلىشىپ كەتكەن.

14. ساۋتىلى 草地里

uyghurkitap.com

سەۋنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ
5 ـ ئوغلى. چاۋتۆرە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

15. نارەتۇ 捏列秃

سەۋنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ
6 ـ ئوغلى.

16. تاراقاي 苔剌海

سەۋنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى.

17. لولو 罗罗

سەۋنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ
8 ـ ئوغلى.

18. سامات 撒马笃

سەۋنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ
9 ـ ئوغلى.

19. بايان تۆمۈر 伯颜帖木儿

سەۋنچ توغرۇلنىڭ چەۋرىسى، چانايىنىڭ
10 ـ ئوغلى.

20. قاراغاسۇن 哈拉哈孙

سەۋنچ توغرۇلنىڭ ئوغلى.

21. ھەسەن 哈珊

سەۋنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى، قاراغاسۇننىڭ ئوغلى. نەسىللىرى بويىچە تۇرپان ئىدىقۇتلۇقىنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىدىقۇت خانلىقى چىڭگىزخانغا تەۋە بولغانغا قەدەر ئۆز دۆلىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتلىرىدە بولغان. ھەسەننىڭ ئىسمى ئىسلامى نام، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر بار. بۇ ھەقتە ھەسەننىڭ قەبرە تېشى ئەڭ مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ھەسەننىڭ ئەسەر قالدۇرغانلىقى، بىلىمى ھەققىدىكى مەلۇماتلار مۇشۇ مەنبەدىن ئېلىنغان. بۇ ئائىلىگە دائىر بەزى ئىبادەتخاناتاشلىرى (ئابىدىلەر) ۋە خاتىرىلەرمۇ بار.

22. پانجۇ 斑祝

سەۋنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى، ھەسەننىڭ ئوغلى.

23. لۇلۇ 闾闾

سەۋنچ توغرۇلنىڭ ئوغلى. بۇ ئىسىم خەنزۇچىلىشىپ كەتكەن⑨.

---

**ئىزاھات**

①②③④⑤ ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 43 ـ، 53 ـ، 58 ـ، 61 ـ بەتلەر.

⑥ ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەر»، 3 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى.

⑦ «مىللەت لۇغىتى»، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى، 1229 ـ بەت.

⑧ شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1979 ـ يىلى نەشر قىلغان «سىخەي» 2 ـ توم 3216 ـ بەت؛ «مىللەت لۇغىتى» 1229 ـ بەت.

⑨ «جۇڭگو تۈركولوگىيىسى» 59 ـ بەتتىن 66 ـ بەتكىچە.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

# تۈرك - رۇنىك يېزىقىنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە

ئا. رونا تاس

ياۋروپا ئىلىم ساھەسى تۈرك رۇنىك يېزىقىدىن خەۋەردار بولغانلىقىغا 300يىل بولغان ھەمدە تومسوننىڭ بۇ يېزىقنى يەشكەنلىكىگە 100 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يېزىقنىڭ مەنبەسى تېخىچە ئېنىقسىز تۇرماقتا. بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆزقاراشلارنى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈركلەرنىڭ بۇ يېزىقنى سىرتتىن قوبۇل قىلغانلىقىنى ئالغا سۈرمەكتە. ھەتتا كۆپىنچىسى بۇ يېزىقنىڭ مەنبەسىنىڭ سامى تىلى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرماقتا. باشقا تەتقىقاتچىلار بولسا، بۇ يېزىقنىڭ بىر خىل يەرلىك ئىجادىيەت ئىكەنلىكى ۋە ھايۋانلارغا بېسىلغان تامغىلاردىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى كۆزقاراشلار ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلماقتا. تۈرك رۇنىك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ماقالە كلاۋسون (1970-يىلى) ۋە لىۋشىك (1978 - يىلى) لارنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ خۇلاسە خاراكتېرلىك ماقالىلەردۇر.

كلاۋسون ھەرپلەرنىڭ قەدىمكى ئىران يېزىقىدىن شەكىللەنگەنلىكى ۋە ئېفتالىت ياكى ۋىزانتىيە يېزىقىنىڭ ئەسلى يۇنان مەنبەلىك ئېلىپبە ئارقىلىق تولۇقلانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئېھتىمال تۈرك يېزىقى بىرەر سوغدى تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان بولسا كېرەك. لىۋشىك بولسا بۇ يېزىقنىڭ ئىجاتچىسى بۇ يېزىقنى ئىجات قىلىشتا سوغدى يېزىقىنى ئاساس قىلغان ۋە ھەرپلەرگە بەزى توغرا ۋە تىك سىزىقلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئۇنى باشقىچە تۈسكە كىرگۈزگەن، دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغا سۈرۈلگەن كۆز قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئانچە قايىل قىلارلىق ئەمەس ئىدى. بۇ ماقالىلەردىكى ئورتاق كەمچىلىك شۇكى: بۇ كۆزقاراشلارنىڭ ھېچقايسىسىدا بۇ يېزىقنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىزاھلانمىغان، باشقا يېزىقلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى ئىزاھلانمىغان. شۇ سەۋەبلىك بۇ يېزىقنىڭ ئۆز ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى سىزىقلارنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسى نەزەرگە ئېلىنمىغان. ماقالە ئاپتورلىرى ھەر بىر ھەرپنى پەرقلىق بىر شەكىلگە قاراپ تەتقىق قىلغان ۋە بەزى ھەرپلەرنىڭ كۆپىنچە ھەرپلەرگە قارىغاندا يېڭىلىق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغان.




بۇ پەرقلىق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان

بىردىنبىر كىشــــى— پىرتساك(1980) تۇر. پىرتساك ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقاراشلارنىــــڭ بەزىلىرى يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ بىر قانچىسىلا قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. مەن ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، جەدۋەلدىكى 27- نومۇرلۇق (𐰘𐰖𐰘) ھەرپىنىڭ ئەسلىدە 15 - نومۇرلۇق ( 𐰖 ) ھەرپىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل تەرەققىياتى ئىكەنلىكىنى بېكىتكەنىدىم. بۇ يەردە K بەلگىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبىنى بۇ فونېمىنىڭ تىترىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغانىدىم. بىراق ئىككىمىزنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشىمىز ۋە خۇلاسىلىرىمىز پۈتۈنلەي پەرقلىق بولۇپ چىقتى. تېمىــدىن چەتنەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، پىرتساكنىڭ تەكلىپلىرى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنى بىر ياققا قويۇپ تۇرۇپ، نەق ھۆكۈملەر ئۈستىدە ئايرىم توختالماستىن، ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى — ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلارنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە سەل قارىغىلى بولمايدىغان شەرت — قولدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئەسلى قەدىمكى مەنبە بولۇشىدىن ئىبارەت. ئەسلى مەنبەدىكى ھەرپلەرنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىنى بەلگىلەپ چىقىش، سىزىقلار ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كۆرسىتىش كېرەك. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات جەنۇبىي سىبىرىيە يېزىقلىرىنى قايتىدىن ئېنىقلىغان ۋاسلىيېۋ(1983 -يىلى) نىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ھەقتىكــى تەتقىقاتلار يەنسەي ۋادىسىدىكى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى يېزىقلارنىڭ ئىلگىرى پەرەز قىلغىنىمىزدەك ئەڭ قەدىمكى يېزىقلار بولماستىن، بەلكى موڭغۇلىيىدىكى بۇيۇك مەڭگۈ تاشلار بىلەن زاماندىش ۋە بەزىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى يېزىقلار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

تۈرك رۇنىك يېزىقىدىكى 39 ھەرپنى بەش گۇرۇپپىغا ئايرىپ چىقىشقابولىدۇ.

A. سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلىگۈچى بەلگىلەر.

B. يېرىم سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر. بۇ سوزۇق تاۋۇشلار ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئالدى ياكى كەينىدە كېلىدۇ.

C. «ك» تاۋۇشىنىڭ ۋارىيانتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر.

D. سىرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇشلارنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەر.

E. سوزۇق تاۋۇشلارغا بېقىنماي ئۇزۇك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر.

F. جۈپ ئۇزۇك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر. 5 - نومۇرلۇق ھەرپ پەقەت يەنسەي دەريا ۋادىلىرىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلاردىلا ئۇچرايدىغان يېڭى بەلگىدۇر. قالغان تۆت تاۋۇش بىزگە ناتونۇش بىر سىستېمىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە. ( 𐰢 )

1- نومۇرلۇق (𐰀𐰁) ۋە 3 - نومۇرلۇق ( 𐰃 ) ئىككى بەلگە تىل ئالدى ۋە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار (a,ā,i,e) نى ئىپادىلەيدىغان ئورتاق بەلگىلەردۇر.

2ـ ( 〈 ) ۋە 4 ـ نومۇرلۇق( ᛗ ) كەڭ قوللىنىلىدىغان بەلگىلەر، بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئۇچۇق ياكى يېپىق بولۇشىغا قاراپ )O, U, ō ,ü( ئىشلىتىلىپ، بىر خىل ئارىلاشما ھالەتنى شەكىللەندۈرمەكتە. بۇ سوزۇق تاۋۇش سىستېمىسىدا سىممېترىك سىستېمىدىن پەقەت بىرلا سوزۇق تاۋۇش ئارتۇق. بۇ بولسىمۇ تۈرك تاۋۇش سىستېمىسىغا خاس تىل ئالدى جاراڭلىق سوزۇق تاۋۇش «ئۆ» ۋە «ئۇ» ( ᛗ ) دۇر. بۇ تاۋۇشنىڭ ئىككىلەمچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى پەرەز بۇ بەلگىنىڭ قۇرۇلمىسىغا قارىغاندا ئېھتىمالدىن يىراق. تومسون بۇ بەلگە 3 ـ نومۇرلۇق ( ᛚ ) بەلگىدىن كېلىپ چىققان دېگەن پەرىزنى بۇ بەلگىنىڭ شەكلىگە قاراپ دەلىللىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ بەلگە بىر تىك بەلگىدىن مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن: ᛗ > ᛘ شۇڭا بىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۈچ باسقۇچقا ئايرىپ يېغىندىن تىزىپ چىقىمىز.

I. A: W: I ({= ᛇ: > : ᛚ:} H. A.)
II. A: W: I: Ŵ ({= ᛇ : > : ᛚ : ᛗ } H. A.)
III. A: ė : W: I: Ŵ ({= ᛇ : ᛝ : > : ᛚ } H. A.)

بۇ بەلگىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى نورمال تەرەققىيات جەريانى بىلەن ماس كېلىدۇ. بىراق بۇ جەرياننىڭ ئۆزۈك تاۋۇشلار ئۈچۈنمۇ ئورتاق ياكى ئورتاق ئەمەسلىكىنى تەتقىق قىلىش كېرەك.

ئالدى بىلەن تەڭداش ئۆزۈك تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە زىت شەكىللەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەسلىكى ئېنىقلاپ چىقىلغان. يەنى ب1( ᑕ ) ب2( 𐰉 ) دىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولغان ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان. ۋ. تومسون 1884 ـ 1896 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدا ر2(ϒ) ، ل1(Y)2 ، ت1( ᛐ ) ، ن2( ᚺ ) ، گ1(ع ᛚ ) ۋە ش ( ∧ ) (يەنى 30 ـ نومۇرلۇق بەلگە) لارنىڭ مەلۇم شەيئىلەرنىڭ تەسۋىرىي شەكلى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغانىدى . بۇنىڭغا ئوخشىغان بەزى قاراشلار پولىۋانوف ۋە ئەمرەلەر تەرىپىدىنمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كېيىنكى مەزگىللەردە ب2( 𐰉 ) ، ك4 ( ᛒ ᚺ ) ۋە ي1(D) بەلگىلىرىنىڭ تەسۋىرىي مەنبە ئىكەنلىكى ئا. ۋون . گابائىن (1948 ـ يىلى) ۋە كلاۋسون (1970 ـ يىلى) لار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان. ژ3(X) مەلۇم شەيئىنىڭ تەسۋىرىي شەكلى بولسا، ئۇ ھالدا 1 ـ گۇرۇپپىدىكى تەڭداش تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ ھەر بىرى مەلۇم شەيئىنىڭ تەسۋىرىي شەكلىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مانى يېزىقى بىلەن بىرگە ترانسكرىپسىيىسى بېرىلگەن رۇنىك ئېلىپبەسى (لېكوك 1990 ـ يىلى، 1050 ـ بەت) دىن مەلۇم بولۇشىچە، بارلىق ئۆزۈك تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ مەلۇم بىر تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى بىلەن ئوقۇلىدىغانلىقى ئىزاھلانغان.

مەسىلەن:

ب1ئاب1 ، ب2 ئەب (چېدىر، ئۆي) 𐰉

www.uyghurkitap.com


د[1] ئاد، د[2] ئەد (مال ـ مۈلۈك) 𐰑 𐰓

گ[1] (غ) ئاغ (تور)، گ[2] ئەگ 𐰓

ي[1] ئاي، ي[2] ئەي 𐰘 𐰖

ل[1] ئال، ل[2] ئەل 𐰞

ن[1] ئان، ن[2] ئەن (مايلىلىق)، 𐰤 𐰣

ر[1] ئار، ر[2] ئەر (ئەر، ئەركەك) 𐰺

ت[1] ئات، ت[2] ئەت 𐱃 𐱅

بۇلاردىن باشقا:

| | |
|---|---|
| ▷، ك[3] ◁ | ئىك (يىك) |
| ↓، ك[4] ↑ (ق) | ئوق (ئوق) |

بۇيەردە ئازراق چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ي[1] نىڭ «ياي» ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەندۇق. بۇ بىر تەسۋىرىي شەكىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئېھتىمالغا يېقىن. بىراق ئۇنى سىستېما چەتكە قاقماقتا. چۈنكى تەسۋىرىي شەكىللەردە ئۆزۈك تاۋۇشلاردىن ئىلگىرى سوزۇق تاۋۇشلار كېلىدۇ، بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە شۇ. تومسون ن[2] بەلگىسىنى «تۆۋەنگە قاراپ قەدەم تاشلاش» ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ گۇرۇپپىدا بىرلا پېئىل كۆزگە چېلىقىدۇ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدىمۇ «ئەن» ئىسمى ئۇچرايدۇ. تومسون 30 ـ نومۇرلۇق بەلگە( Λ ) گە«ăşik» (ئىشىك) دەپ تەبىر بېرىدۇ. بىراق بارلىق ئاچقۇچلۇق سۆزلەر بىر بوغۇملۇقتۇر. قايچىسىمان كېسىشكەن، «مال» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىككى تاياقچە بەلگە د[2] (X) نىڭ تەسۋىرىي شەكىل مەنبەسى قىلىنغان (رونا تاسىنىڭ 1956 ـ يىلىدىكى ئەسىرىگە قاراڭ). «ك» بەلگىسىنىڭ ئىزاھاتى ناھايىتى مۇھىم. ك[4] ( 𐰸 𐰶 ) ۋە ك[5] ( ↑, ↓ ) 2 ـ ۋە 4 ـ نومۇرلۇق بەلگىلەرگە ئوخشاش بىر خىل سوزۇق تاۋۇشلۇق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، شۇڭا ئۇلار سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ 2 ـ باسقۇچى بىلەن تەڭ مەيدانغا كەلگەن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن.

سىرىلاڭغۇ ئۆزۈك تاۋۇشلار مەسىلىسىگە كەلسەك، بەلگىلەرنىڭ تەسۋىرىي شەكىللىرى بىر بىرىگە زىت كۆرۈنىدۇ. بۇ بىزنى ئىختىيارسىز ھالدا بەزى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر

قىلماقتا. بۇنى ناھايىتى قەدىمكى مەڭگۈ تاشلار ئارقىلىق ئىسپاتلىشىمىزغا رۇخسەت قىلغايسىزلەر.



«ئونگىن مەڭگۈ تېشى» (720ـ ياكى 731 ـ سۆز)



«كۆلى چور» ۋە «كۆل تېگىن» مەڭگۈ تاشلىرىدا «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (724ـ، 732ـ، 735ـ سۆزلەر)



«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (726 ـ سۆز)



«تېرخىن»، «تەس»، «شىنە ئۇسۇ» مەڭگۈ تاشلىرىدا «سۇجى مەڭگۈ تېشى» (750ـ، 732ـ ياكى 733ـ، 840 ـ سۆزلەر)



يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا

27 ـ نومۇرلۇق بەلگىنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقساق، تۆۋەندىكى نەتىجىگە ئېرىشىمىز:



(ۋاسىلىيېفنىڭ 1983 ـ يىلى نەشر قىلغان ئەسىرىنىڭ 133ـ ۋە 134 ـ بەتلىرىگە قاراڭ)

بۇ بىزنىڭ ئاساسىي بەلگە «Y» ۋە ئۇنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىغا سىزىلغان سىزىقلار بىلەن ئارتۇقچە ھەپىلەشكەنلىكىمىزنى كۆرسەتمەكتە. بۇ يەردە ھەل قىلغۇچ تۇپ بەلگە«ل» دۇر. [2] « ل» قانداقسىگە دىياكرىتىك بەلگە قويۇش بىلەن «ش» نى ئىپادىلەيدىغان بەلگىگە ئايلىنىپ قالدى؟ بۇ يېزىقنى ئەسلى تۈرك يېزىقى دەپ پەرەز قىلساق ۋە بۇ تىلدا «ش» تاۋۇشى بولمىغان ھەمدە كېيىنكى مەزگىللەردە «ل» بەلگىسىنىڭ بەزىدە«ل» بەزىدە«ش» ئورنىدا كەلگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ تاۋۇش كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈرك تىلىغا كىرگەن دەپ پەرەز قىلغان بولساق، خېلىلا كۆپ قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىققان بولاتتى. تەتقىقاتچىلار «ئەل» سۆزىنىڭ «خەلق، دۆلەت» دېگەندەك مەنىلىرىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ، «ئەل» سۆزى ھەقىقەتەن ئىككىنچى تۈرك تىلى دەۋرىدىمۇ يەنە شۇ مەنىنى بەرگەن بولسا مەسىلە چىقمىغان بولاتتى. ئەمما بۇ بەلگە «يولداش، ھەمرا» مەنىسىنى بىلدۈرگەندە «ئەش» دەپ ئوقۇلىدۇ. شۇڭا«ش» دەپ ئوقۇلغان «ل» بەلگىسى دىياكرىتىك بەلگە قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندى. مەخسۇس «ش» نى ئىپادىلەيدىغان باشقا ئىمكانىيەتلەرمۇ بار، مەسىلەن: «س» ئارقىلىق ئىپادە قىلىشقا بولاتتى. بۇ يېزىقنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كېيىنچە بىلگە قاغاننىڭ ئوردىسىدا بۇ بەلگە باشقا بىر بەلگە بىلەن زىت بولۇپ قالغاچقا«ل» نىڭ 2- خىل ۋارىيانتى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى يېزىقلاردىكى تۇپ پەرق «س» بىلەن «ش» ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولماستىن بەلكى تىل ئارقا ۋە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن سىرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار بۇ بەلگىلەرنى ئومۇمىي بىر قېلىپقا سېلىشقا تىرىشقان بولسا كېرەك. «ش» نى ئىپادىلەيدىغان ئايرىم بەلگە يەنىمۇ مەڭگۇ تاشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققانىدى. 35 - نومۇرلۇق بەلگىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىشقا مۇمكىن بولغان بولسىدى، ئۇ ھالدا 27 - نومۇرلۇق بەلگىنىڭ 2 - خىل ۋارىيانتىغىمۇ ئىسپات تېپىلغان بولاتتى.

ئەسلىدە بۇ بىر مەسىلە بولۇپ كۆرۈنگەندەك قىلىدۇ. لېكىن، 35 - نومۇرلۇق «ЧꞁЧ꞊» » بەلگىلىرىنىڭ يىلتىزى 18 - نومۇرلۇق ر« Ч،И» بەلگىسىدۇر، بۇنىڭغا ئىلمەك تارتىش ئارقىلىق 35 - نومۇرلۇق بەلگە مەيدانغا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

Ч + ꞁ > Чꞁ , Ч꞊

بۇ ئىلمەك بەلگە ئۇيغۇر يېقىدىمۇ مەۋجۇت. مەلۇمكى، كېيىنكى سوغدى يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى ئارىسىدىكى ئاساسىي پەرق، «ل» ئۈزۈك تاۋۇشى ئۈچۈن ئايرىم بەلگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن تۈركلەر «ل» بىلەن ئوقۇلىدىغان «رەش» سۆزىگە ئىلمەك تارتىپ قويغان. تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى «ز»غا ئوخشاش ئوقۇلىدىغان «ر» ئىلمىكى ئوخشاش رولنى ئوينىيالايدۇ. ئەمدى 32 - نومۇرلۇق «ڭ» ( ˥، ˩ ) ۋە 36 - نومۇرلۇق «نې» بەلگىلىرى ( ϡ ) قالدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىلگىرىكى «ن»غا ئوخشىشىپ كېتىدۇ( 16 - نومۇرلۇق) . «ڭ» ھەرپى دىياكرىتىك بەلگىنىڭ ياردىمى بىلەن، «نې» بولسا «ن» ھەرپىنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن مەيدانغا

كەلگەن. «لد، ند، نچ» دىن ئىبارەت ئۈچ بەلگىمۇ تۈركىي تىل ئۈچۈن ئىجات قىلىنغان يېڭى بەلگىلەردۇر. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى شۇ تاۋۇشلارنىڭ نەق ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىــــدىغان بەلگىلەردىن كەلگەن ئەمەس. 

شۇنداق قىلىپ بىز تۈرك - رۇنىك يېزىقىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ھازىرچە ئەڭ بولمىغاندا تۆت باسقۇچقا تىزىمىز.

1. ئا، ئى، ۋ، ب، د، گ، ي، ل، ن، ر، ت، ك[1] (ق)، س[2]   س[1]   ك[2]
چ، پ، م

2. ۋ، گ[1]   د[3]   ب[2] (غ)،   ت[1]   ر[2]   ن[2]   ل[2]   ي[1] ڭ، نى، ك[3]
ك[5]   ك[4]

3. ش، ز، لد، ند، نچ

4. ئې، ش[2]

بىز ئەمدى بىرىنچى باسقۇچنى ئىككىنچى باسقۇچتىن ئايرىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە ياكى كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىمىز. قەدىمكى سوغدى يېزىقى تومسوندىن باشلاپ تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقتە بىۋاسىتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. سوغدى يېزىقىنى ئارامى مەنبەلىك باشقا يېزىقلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان تىپىك ئالاھىدىلىك، قەدىمكى سوغدى يېزىقى دەپ ئاتالغان ئىپتىدائىي پارچىلاردا «ل» تاۋۇشى ھەرپى كۆپىنچە سىرىلاڭغۇ تاۋۇش «δ» ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن (پەقەت بەزى چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەردىلا «ل» قوللىنىلغان) . تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى « ا » بەلگىسى «ل» تاۋۇشىنىلا ئىپادىلەيدۇ، ئۇ 3 دىنمۇ، 1 نىمۇ ئىپادىلىمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن 2 - جەدۋەلدە كۆرگىنىمىزدەك بەزى شەكىللەر قەدىمكى سوغدى يېزىقىنىڭ شەكىللىرىگە ناھايىتى يېقىن. باشقا بىر تۈركۈم ھەرپلەرنىڭ ئوخشاش شەكىللىرىنى قەدىمكى گىرۇزىيىنىڭ ئارماز شەھرىدىن تېپىلغان ئارمازىك يېزىقىدىمۇ ئۇچرىتىمىز.

خۇلاسە قىلىپ شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، تۈرك - رۇنىك يېزىقىنىڭ يىلتىزى ئارامى يېزىقىغا قەدەر سۈرۈلسىمۇ؛ ئارامى يېزىقىنىڭ سوغدى ۋە ئارمازىك يېزىقلىــــرىغا ئازراق يېقىنچىلىقى بولسىمۇ، لېكىن ئارامى يېزىقى بۇ ئىككىلا يېزىققا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ئۈچ خىل يېزىقنىڭ ھەممىسى بىر يىلتىزدىن چىققانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

سوغدىلارنىڭ تەسىرى كېيىنكى مەزگىللەردە ئوتتۇرىغا چىقتى. «ند، لد، نچ» ئۈزۈك تاۋۇشلىرى سوغدى تەسىرىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. سوغدىلاردا «ن» دىن كېيىنكى تاۋۇش سىرىلاڭغۇ تاۋۇش بولۇپ، بۇ سوغدى تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. بۇمۇ قەدىمكى شەرق تۈركچىسىدە ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ بىر شىۋىسىدە تۈرك - رۇنىك يېزىقى ئارقىلىــق ئىپادىلەنگەن بىر خىل ئەھۋال ئىدى. «لد» بەلگىسىمۇ سوغدى يېزىقىدىكى «ل» غا باغلىنىشى

مۇمكىن. يەنى  دىكى 2- بەلگە سوغدى «ل» سىدۇر. سوغدى يېزىقىدىكى nun (نۇن) دىياكرىتىك بەلگە — چېكىت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. «تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دا بۇ بەلگە ناھايىتى ئوچۇق ھەم بىر چېكىتلىك. كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۇ تاشلىرىدا بولسا بۇ بەلگە ئۈچ چېكىت بىلەن كۆرسىتىلگەن ۋە يېرىم چەمبەر بىلەن ئورالغان ھالەتتە كەلگەن. «نچ» تاۋۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بەلگە قوش «ن» دەك كۆرۈنىدۇ.



ئىلمەك بەلگىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن [2] «ر» دىن بىر «ز» نىڭ شاخلاپ چىقىشىمۇ سوغدى تەسىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىشكە يارايدۇ.

يۇقىرىدىكى كۆزقاراشلارنى مۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

تۈركلەر سوغدى ياكى ئارمازىك ھەرپلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا يېقىن كېلىــــدىغان ئەمما ئۇلارغاپۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدىغان ئارامى يېزىقىنىڭ بىر خىل شەكلىنى قوبۇل قىلغان. دەسلەپكى ئۆزگىرىشلەر يېزىق دەرەخكە، تاشقا ياكى قىيالارغائويۇلغان مەزگىللەردە بارلىققا كەلگەن. بۇ يېزىق ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىسقا بىر جەريان ئىچىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يېزىق خاس تۈركىي تىللارنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى تولۇق ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلغان. تىل ئالدى ۋە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلارنى پەرقلەندۇرۇشكە بولغان كۈچلۈك ئېھتىياج بۇ يېڭى بەلگىلەرنى ياراتقان. يېڭى بەلگىلەرنىڭ يارىتىلىشىدا ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلغان. ئۇ بولسىمۇ ئەسلىدە بار بەلگىلەرنىڭ مەلۇم جايلىرىغا دىياكرىتىك بەلگىلەرنى قويۇش ياكى ۋە تەسۋىرىي شەكىللەرنى قوللىنىش.

«ك» بەلگىلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى بۇ فونېمىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىشىدۇر. بۇ تىلدا «ش» ۋە «ز» تاۋۇشلىرى يوق ئىدى. بۇلار چۇۋاش، قەدىمكى بۇلغار ياكى ھەزەر تىللىرىغا خاس تاۋۇشلار بولسا كېرەك. كېيىنكى كۆك تۈرك خانلىقى بۇ يېزىقنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار «ز» نى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى. ئەمما «ش» نى ئۇزاق مۇددەتكىچە سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى. تۈركلەر «ل‌د، ن‌د، ن‌چ» لار ئۈچۈن ئالاھــــدە بەلگىلەرنى ياراتتى.

كېيىنكى كۆكتۈرك خانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە بۇ يېزىقنىڭ يۈكسەك ئابرويى يەرلىك ئەمەلدارلار تەرىپىدىن تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئالىي ھاكىمىيەت تەرتىۋىنىڭ بۇزۇلۇشى مانى دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە مانى يېزىقى ھەمدە كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۇ بۇزۇلۇش يەرلىك ۋارىيانتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. تۈرك - رۇنىك يېزىقىنىڭ قەغەزگە يېزىلىشىنىڭ باشلىنىشى بىلەن بۇ يېزىقنىڭ ئالاھىدە بىر تىپى مەركىزىي ئاسىيادا بارلىققا كەلدى.

## 1 ـ جەدۋەل: تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى

A. سوزۇق تاۋۇشلار:

1. ئا ئە 𐰁، 𐰀
2. ئو ئۇ 𐰆
3. ئى (تىل ئارقا) ئى ئې 𐰃
4. ئۆ ئۈ 𐰇
5. ئې (پەقەت يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا) 𐰄

B. ئۈزۈك تاۋۇشلار:

(جۈپ شەكىللىك ئۈزۈك تاۋۇشلار)

6. ب¹ 𐰉
7. ب² 𐰋
8. د¹ 𐰑
9. د² 𐰓
10. گ(غ) 𐰍
11. گ 𐰏
12. ي¹ 𐰖
13. ي² 𐰘
14. ل¹ 𐰞
15. ل² 𐰠
16. ن¹ 𐰣
17. ن² 𐰤
18. ر¹ 𐰺
19. ر² 𐰼
20. ت¹ 𐱃
21. ت² 𐱅

C. «ك» نى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر

22. ك(ق) 𐰴
23. ك 𐰚
24. ك(ق) 𐰸
25. ك 𐰜
26. ك(ق) 𐰶

D. سىرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار

27. س¹ ش² ش¹ 𐰽
28. ش² ش¹ (س¹، س²) 𐱁
29. س¹ 𐰾
30. ش² ش¹ (پەقەت يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا) 𐱂

E. يالغۇز ئۈزۈك تاۋۇشلار

31. م 𐰢
32. ڭ؟ 𐰭
33. پ 𐰯
34. چ 𐰲
35. ز 𐰔
36. نى 𐰪

F. قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار

37. لد: 𐰡
38. نت 𐰦
39. نچ 𐰨

## 2 ـ جەدۋەل: ئىپتىدائىي تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىنىڭ مەنبەسى

| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | Ara-maik İmp | İşaretler Part | Pers | Pehlevi Dinî | Kitap | Eski Soğd | Armazik | Runik | |
| Aleph | | | | | | | | | a/ä |
| Beth | | | | | | | | | $b^1$ |
| Gimel | | | | | | | | | $g^2$ |
| Dālet | | | | | | | | | $d^1$ |
| Hē | | | | | | | | | $k^2$ |
| Wāw | | | | | | | | | o/u |
| Zayin | | | | | | | | | s |
| Ḥeth | | | | | | | | | $k^1$ |
| Ṭeth | | | | | | | | — | — |
| Yōdh | | | | | | | | | $y^2$ |
| | | | | | | | | | i/ï |
| Kaph | | | | | | | | — | — |
| Lāmedh | | | | | | | | | $l^1$ |
| Mēm | | | | | | | | | m |
| Nūn | | | | | | | | | $n^1$ |
| Sāmekh | | | | | | | | | $s^1$ |
| Ayin | | | | | | | | — | — |
| Pē | | | | | | | | | p |
| Ṣadhe | | | | | | | | | č |
| Qōph | | | | | | | | - | - |
| Rēsh | | | | | | | | | r |
| Šin | | | | | | | | - | - |
| Tāw | | | | | | | | | $t^2$ |

تۈركچە «تۈركىي خەلقلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 114 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنئاي ساقىم

تەرجىمە مۇھەررىرى : ئابلىز ئورخۇن

新疆
地方志

（季刊）

目　录

2002年第四期

总第六十一期

顾　问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主　编
沙比尔·艾力

副主编
阿不都肉甫·艾力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

# 目　录

## 历史资料

盛世才曾秘密加入苏联共产党 …… 李嘉谷 1
游街尸体 …… 买买提明．库尔班 7
新疆近代史上的维吾尔探险家 …… 哈里甫．巴拉提 9
革命烈士永垂不朽 …… 土尔孙．巴拉提 15

## 历史回忆录

民族六营坎坷的经历 …… 苏帕洪．苏乌若夫 21
回族36师的命运 …… 穆罕默德伊敏．库尔巴尼 33
莎土尔的故事 …… 马木提．哈孜 36

## 历史人物

著名的突厥学家古米廖夫的生平道路 …… 夏吾东．克比尔 40
墩欲谷及期后裔 …… 土尔孙．吾守尔．50

## 学术讨论

突厥鲁尼文字的起源及其发展 …… 罗纳．塔斯 55

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

# 新疆地方志 维吾尔文（季刊）

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)


主　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版：《新疆地方志》编辑部
地　址：乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号
印　刷：新疆金版印务有限公司

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يىكەنكۆل يولى غەربىي 1 ـ كوچا 12 ـ نومۇر
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

国内统一刊号 CN65—1128/K—W
电话：4640715　邮政编码：830063
定价：3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W
تېلېفون نومۇرى: 4640715　پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن